بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ




﴿وَإِنْ تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللّٰهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ اللّٰهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

﴿ئەگەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمەتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾

(16 ـ سۈرە/ نەھل 18 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

**2014 ـ يىللىق 6 ـ سان (ئومۇمىي 6 ـ سان)**


**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ داموللا ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**تېخنىكا يېتەكچىسى:** مۇھەممەدتوختى قۇرباننىياز

**بەت ياسىغۇچى:** مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا داموللا



**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۇھتىرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر داموللا ھاجى، نۇرمۇھەممەد داموللا ھاجى، ئەھمەدجان ئىبراھىم داموللا ھاجى، ئابدۇكېرەم داموللا ھاجى، ئابدۇۋاھاپ داموللا ھاجى، ئابدۇرېھىم داموللا ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم داموللا ھاجى، نەسىردىن داموللا ھاجى، ئابدۇرەئۇف داموللا ھاجى، تۇرسۇن راخمان داموللا ھاجى، مەسئۇد داموللا ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا داموللا، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان داموللا، ئابدۇراھمان مۇھەممەد داموللا، تۇرسۇن ئەينۇددىن داموللا، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى داموللا، ئوسمان ساۋۇت داموللا، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش ـ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى: ئىمام ـ خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە ـ ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز ـ تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز ئىيۇن ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز ـ تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

2014 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن

# مۇندەرىجە

شەھەر بويىچە «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە «بەشتە ياخشى»
دىنىي زات بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى
سۈرۈش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز.........................1
ئۈرۈمچىگە نەزەر.................................. 13

## ۋەز ـ تەبلىغلەر

ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە ........................ 24
تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش............................ 34
ئىسلام دىنى زەھەرلىك چېكىملىكنى قەتئىي چەكلەيدۇ ............... 48
ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى - روزا ...................... 60

## ئۆگىنىش گۈلزارى

ئىسلام دىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان دىن ...................... 70
«داموللا» سۆزى ھەققىدە ئىزدىنىش ................... شەمسىدىن ھاجى 74
ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر.... ئىسمائىل قادىر ھاجى79

## پادىلىنىۋېلىڭ

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى .................... 91
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2014 ـ يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى...... 92

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدىكى رەسىم: تەڭرىتاغ رايونلۇق خېجۇ خۇيزۇ مەسجىتى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدىكى رەسىم : تەڭرىتاغ رايونلۇق شەنشى خۇيزۇ چوڭ مەسجىتى

# شەھەر بويىچە «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە «بەشتە ياخشى» دىنىي زات بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

شىرزات باۋۇدۇن

2014 ـ يىلى 4 ـ ھايىنىڭ 17 ـ كۈنى

يولداشلار:

2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: «شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بولغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى؛ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى خىزمەت بولسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئىناقلىق» دەپ كۆرسەتتى. بۇنداق مۇھىم شەرھىلەش يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئېنىق تەلەپ ۋە مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە، شەھىرىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرۈلدى، دىن ساھەسى ئىناق ۋە مۇقىم بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەر نورمالنى ۋە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، دىنىي زاتلار ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى خاتىرجەم ئادا قىلىۋاتىدۇ. «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە «بەشتە ياخشى» دىنىي زات بەرپا قىلىش پائالىيىتى پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئادا قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇردى، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئويناپ مۇھىم ۋاستىچى بولۇشىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل، يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

«قوش بەشتە ياخشى» نى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، شەھىرىمىزدە زور بىر تۈركۈم «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلار مەيدانغا كەلدى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك

ھۆكۈمەت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1994-يىلى، 1998-يىلى، 2001-يىلى، 2007-يىلى ۋە 2012-يىلى بەش قېتىم «قوش بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. 249 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 379 نەپەر دىنىي زات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسئۇللىرى تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى. تەقدىرلەنگەن دىنىي زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشتى، قانۇن بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئاڭلىقلىق بىلەن سىڭىپ كىرىشنى توسۇپ مۇقىملىقنى قوغدىدى، ئۆز-ئۆزىنى بېقىشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى، نامراتلارنى يۆلەپ، ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئاكتىپ ئىشلىدى، دىنىي ساھەدە ئاكتىپ بولغان نەمۇنىلىك باشلامچىلىق ۋە ئۈلگە كۆرسىتىشتە باشلامچىلىق رول ئويىنىدى. شەھىرىمىزنىڭ «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەش، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنىي زاتلار كوللېكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۆۋەندە مەن بىر قانچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىرىنچى، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەقىقىي تۈردە خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش.

جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزدىن چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دىنىي ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە قانات يايدۇرۇش — ھەر مىللەتنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش باش تېمىسىگە، قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئىناق ۋە تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈشكە، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشقا، ئالدىنى ئېلىشقا مۇقىملىقنى قوغدايدىغان ئاممىۋى ئۇل ۋە جەمئىيەت ئاساسىنى پۇختىلاشقا، ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىشكە قارىتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە، مەركىزىي شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيىتى ھالقىما تەرەققىياتقا قەدەم تاشلىدى، ھەر تۈرلۈك كەسىپلەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتىشى بىلەن چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا «ئۈچ خىل كۈچلەر» مىللەت ۋە دىن قاتارلىق نىقابقا ئورۇنىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ. «غازات قىلىش» ئارقىلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا، ۋەتەننى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خەلقئارا نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنى باش قىلغان غەرب ئەللىرى جۇڭگونىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشىنى قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈم شەكلىگە بولغان بىۋاستە جەڭ ئېلان قىلىش دەپ قاراپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن دۆلىتىمىزگە بولغان ستراتېگىيىلىك قورشاش ۋە چەكلەپ ئىسكەنجىگە ئېلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىۋاتىدۇ، مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسىگە ئايلاندى. دۆلەت ئىچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئۇچۇم تېرورچىلار ئەسەبىيلىشىپ ئوچۇقتىن ئوچۇق ئىنسانلار جەمئىيىتىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، رايون ئىچى ۋە سىرتى بىلەن بىرلىشىپ بىر تۈركۈم ئېغىر بولغان زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلولىرىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە زور زىيان يەتكۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە دۆلەتنىڭ مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سالدى. جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا: «ئۈچ خىل كۈچلەر» ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش پائالىيىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا خەتەر ئېلىپ كەلدى. دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ تارقىلىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئىناقلىققا، خەلق ئاممىسىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا شىنجاڭ خىزمىتىنى مەخسۇس تېمىدا مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى، شىنجاڭنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىكى ئالاھىدە ستراتېگىيىلىك ئورنىدىن چىقىش قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە باش نىشانىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىكەنلىكى، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە

ئەبەدىي ئەمىنلىكنى چىڭ چۆرىدەش ۋە خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىبىنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شى باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ بىزنىڭ دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ستراتېگىيىلىك يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلار بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكى قارىغاندا دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، چوقۇم شەھىرىمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھالقىما تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتەك سىياسىي يۈكسەكلىكتىن دىنىي مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ مەسئۇلىيەتچانلىقنى ۋە جىددىيلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، دىنىي ئىشلارنى چوقۇم قاتتىق باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە قەتئىي ئىجرا قىلىش، ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك كېرەك، بىراق بۇ خىل قاتتىق باشقۇرۇش چوقۇم پارتىيەنىڭ دىن سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشتا ئىپادىلىنىشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى مىللەت ـ دىن ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئاساسەن، شەھىرىمىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۇردە «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. پۈتكۈل شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، پۈختا ئىلگىرى سۈرۈشى ، كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى، ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى ئارقىلىق، شەھىرىمىزنىڭ «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جانلىق ۋە تەسىرلىك، ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك بولدى. دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي ئېڭى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قانۇن ـ تۈزۈم دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. دىنىي زاتلار ۋە

ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپ رولى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش دىنىي باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر تۇرلۇك مۇھىم ۋاستە ۋە ئۇنۇملۇك ئۇسۇلغا ئايلاندى. مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى بولسا: بىرىنچىدىن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. «دىنىي ئىشلار نىزامنامىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شەھىرىمىزدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتى، مالىيە، بوغالتىر، ئامانلىق ساقلاش، ئوت مۇداپىئەسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قاتارلىق تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلدى ھەمدە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، مالىيە باشقۇرۇش تەدرىجىي قېلىپلاشتى. پۈتۈن شەھەردىكى كۆپ قىسىم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى مالىيەنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، قەرەللىك ھالدا مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى ئېلان قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۈچىنچىدىن، دائىملىق باشقۇرۇش تەدرىجىي قېلىپلاشتى. دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تەشكىلى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىلدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرى قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئېتىقادچى ئامما دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلدى. تۆتىنچىدىن، دىنىي زاتلارنى باشقۇرۇش تەدرىجىي قېلىپلاشتى. دىنىي زاتلارنى تىزىملاپ ئەنگە ئېلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دىنىي زاتلار ئارىسىدا كەسپىي جەھەتتىن ۋە سىياسەت، قانۇن ـ نىزام ئىمتىھانى ئېلىپ بېرىلىپ دىنىي زاتلارنىڭ ساپاسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىستىلى ياخشىلاندى. قانۇننى چۈشىنىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مايىل قىلىپ، سىڭىپ كىرىشنى توسۇشتا مۇستەھكەم قايىل قىلارلىق كۈچكە ئىگە بولدى، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا تېخىمۇ تەشەببۇسكار ۋە ئاڭلىق بولۇپ، دىنىي ساھە تېخىمۇ ئىناق بولدى.

ئىككىنچى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىنى توغرا چۈشىنىپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلاردا دىنىي ئەسەبىيلىك، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەر يامراپ، شەھەر-يېزىلارغا سىڭىپ كىرىش تەسىرى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا، چوقۇم كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى دىنىي ساھەلەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشنىڭ يېتەكچىسى قىلىپ، دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەر، دىنىي ئەقىدە، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى قەتئىي توسۇپ، سىڭىپ كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىپ، چوقۇم چىڭ تۇتۇش، ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش. پۈتۈن شەھەردىكى ھەر قايسى دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆز ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، يولغا قويۇش چارىسىنى دەرھال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ پۈختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت ئېڭى قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىزچىل تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر يۆنىلىشتە، ئېتىقادچى ئاممىا بىلەن بىر مەقسەتتە، دىنىي زاتلار بىلەن ماس قەدەمدە بولۇپ، ئۆزىمىزنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنىدىغان، خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدىغان، دىنىي زاتلار ئىشىنىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ «ياخشى باشقۇرغۇچىسى» قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە باشقۇرۇش شەكلىنىڭ دېموكراتىك بولۇشىنى، ئەقلىي مېخانىزمىنىڭ ئۈنۈملۈك، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر خىل بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. زامانىۋى قانۇن-تۈزۈم ئېڭىنى تىكلەپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنى توسۇش كېرەك. دىنىي زاتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «ۋەز-تەبلىغ

قىلىش» سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، ئېتىقادچى ئاممىنى قالاق ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاشلىۋېتىشكە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەمدە دىنىي ئاساسىي ئەقىدىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كەلگەن، ساغلام دىنىي ئاڭ تىكلەشكە يېتەكلەپ، كەڭ قورساق ۋە ئاقىلانە پوزىتسىيە بىلەن ئېتىقاد پەرقىگە توغرا قاراپ، ھەرمىللەت ئاممىسى سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاق، ئېتىقادتا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە چۈشىنىشىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، بەرپا قىلىش ئۆلچىمىنى توغرا ئىگەللەش. «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئۆلچىمى بولسا قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى، سورۇنلارنى باشقۇرۇشتا ياخشى، دىنىي ئىناقلىقتا ياخشى، مۇھىت تازىلىقىدا ياخشى بولۇشتۇر. «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنىڭ ئۆلچىمى بولسا ۋەز-تەبلىغ قىلىشتا ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى، مۇقىملىقنى ساقلاشتا ياخشى، مەدەنىي ئۆرپ-ئادەتتە ياخشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياخشى بولۇشتۇر. بۇ ئىككى «بەشتە ياخشى» نىڭ ئۆلچىمى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي زاتلارغا قارىتا ئومۇمىي تەلەپ ھەمدە ئەڭ ئاساسىي تەلەپ. بىز ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئومۇمىي تەلەپلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، «قوش بەشتە ياخشى» نىڭ كونكرېت شەرتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك، ئەمەلىي قوللىنىشچان، ئەستە تۇتۇشقا ۋە باھالاشقا ئاسان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تەرتىپلىك ئىلگىرىلەشنى توغرا ئىگىلەش. بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئۇزلۇكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، يەنى ئومۇمىي نىشاننى داۋاملىق چۆرىدەش بىلەن بىرگە يەنە ئېنىق، باسقۇچلۇق ۋەزىپىنى مەركەزلىك تۇتۇش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىرىنچى باسقۇچ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش. نۇقتىلىق ھالدا سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش، تەشۋىقاتنى ياخشى قىلىپ، ئىدىيە-تونۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش كېرەك. پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت «بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئىجرا قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى، دىنىي زاتلارنى ۋە دىنغا

ئېشىنىدىغان ئاممىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش كېرەك. ھەر قايسى رايون، ناھىيەلەر ئارقا ئارقىدىن سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئىككىنچى باسقۇچ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش. ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى قەتئىي چىڭ تۇتۇش كېرەك. بېكىتىلگەن كونكرېت نىشانلىق ۋەزىپە ۋە بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، بەرپا قىلىشتىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەت نىشانلىرىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى باسقۇچ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مۇستەھكەملەش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ۋاقتىدا تەكشۈرۈش، بەرپا قىلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە يەنە ئىدىيەنى ئازاد قىلىش، تەدبىردە يېڭىلىق يارىتىش، خاسلىقنى كۆزلەش، ئۆلگە تىكلەش، يارقىن نۇقتا يارىتىش كېرەك. تۆتىنچى باسقۇچ، مۇكەممەللەشتۈرۈش خۇلاسىلەش. بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەش، بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى مەركەزلىك نامايەن قىلىش، پائالىيەت جەريانىدا ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇسۇللارنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇپ، بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش.

بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دىنىي خىزمەت بولسا ئاممىنىڭ خىزمىتى، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىز چوقۇم يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنى يوقىتىشىمىز، ھەقىقىي تۈردە تەدبىر قوللىنىپ، پائالىيەتنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت «بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، جۇ خەيلۇن شۇجى ئۆزى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، پارتىيە

ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزى بىۋاستە سۇرۇشتۇرۇپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «بىرىنچى قول» مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئىككىنچىدىن، يېتەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش.

پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كۆپ خىل ئۈنۈملۈك شەكىلنى قوللىنىپ، ۋاقتىدا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش، تىپىك تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىپ يەكۈنلەپ، پائالىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانات يايدۇرغان پائالىيەت ئەھۋالىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەش كېرەك. بولۇپمۇ نەق مەيداندا ئاشكارىلاش، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ئالاقىلىشىپ ياردەم بېرىش، ئىدىيەگە سەل قارىغان، كارغا كەلمىگەن تەدبىرلەرنى مۇددەت ئىچىدە تۈزەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى يېڭىلىق يارىتىپ تەشۋىق قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، قويۇق پائالىيەت تۈسى بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىت، ژۇرنال، تور قاتارلىقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى تەشۋىق قىلىپ، خىزمەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر قايسى رايون، ناھىيەلەر ئالدىنقى باسقۇچتا ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ قازاقچە ئۈچ خىل تىلدا تەشۋىق قىلىش دوسكىسى، تەشۋىق قوللانمىسى ۋە رەڭلىك تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ئىشلەپ، تەشۋىق قىلىش تاختا گېزىتى، LED ئېلېكترونلۇق ئېكران ئارقىلىق، تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچۈر خادىمى، تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئىلغار تىپىك تەشۋىقاتلارنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگە بولۇش ۋە يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى يارقىن نۇقتا، ئىلغار ئىش ئىزلارنى ۋاقتىدا ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. ئەتراپىمىزدىكى ئادەم ۋە ئىشلار ئارقىلىق جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كۆپچىلىكنى ئۆگىنىشتە ئۈلگىسى، ئىش قىلىشتا يۆنىلىشى بار

قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئىلغارلىقنى تاللىشىدىغان، دىنىي زاتلار نەمۇنىلىكنى قوغلىشىدىغان قويۇق كەيپىياتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقىرى تەرەققىيات رايونى (يېڭى شەھەر رايونى)، ئىقتىسادىي رايون (تۇدۇڭخابا رايونى) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسئۇللىرىنى تەشكىللەپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئۈلگىلىك ھەم كۆرۈنەرلىك بولغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىپ نەق مەيدان ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

تۆتىنچىدىن، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش. ھەر قايسى باسقۇچ ۋە قەدەملەردىكى خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق باغلاشتۇرۇش، ئالدى-كەينىدىكى خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيىسى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، تۈزەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھازىرقى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى مەنىۋى مەدەنىيەت، پاكىز شەھەر بەرپا قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇپ ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ئارقىلىق باھالاش ۋە ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، ئىككىدە خاتالاشماسلىق، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، تەجرىبىنى يەكۈنلەپ، ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشقا كۈچ چىقىرىپ، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش.

بىز شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇرۇنقى خىزمەت تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تېخىمۇ مول بولغان پائالىيەت مەزمۇنى، كۆپ خىللىق پائالىيەت شەكلى، تېخىمۇ ئەمەلىيلەشكەن خىزمەت ئۇسۇلى ئارقىلىق، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.
بىرىنچىدىن، ئاساسىي ئۇلنى چىڭداش، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇش. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش، خىزمەتنىڭ باشلىنىش ۋە ئاياغلىشىش نۇقتىسىدا ئىزچىل ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆپلەپ تۆھپە قوشۇش؛ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، دىنىي ساھەنى، مۇقىملىقنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ياخشى ۋەزىيەت ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇش؛ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى قەتئىي تۈزەپ، نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغداش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇش؛ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، دىن ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇش كېرەك؛ دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۆپلەپ تۆھپە قوشۇش كېرەك.
ئىككىنچىدىن، ئىدىيەنى ئېچىپ، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىش. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بولسا بىر يۈرۈش پائالىيەت ۋاستىلىرىنىڭ قوللىنىشىدۇر. پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن ۋاستىلەرنى بەرپا قىلىپ، رەڭدار ۋە مول مەزمۇنلار ئارقىلىق «قوش بەشتە ياخشى» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كۆپ نۇقتىنى بىرلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىشلەپ، ئىجاد قىلغان بىر قىسىم ئۈنۈملۈك پائالىيەت ۋاستىلىرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشقا ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قاتنىشىشىغا قولايلىق بولغان، ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىغان، مەشغۇلات قىلىشقا قولايلىق بىر تۈركۈم پائالىيەت ۋاستىلىرىنى لايىھىلەپ چىقىش كېرەك.
ئۈچىنچىدىن، ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىش. «قوش

بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە چوقۇم ئېتىقادچى ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قاتنىششقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيەت لايىھەسىدە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش، ئاممىغا ئاشكارا ۋەدە بېرىش، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيەت ئەھۋالىنى ئاممىغا دوكلات قىلىش، ئاممىغا باھالىتىش كېرەك. ئىلغارلارنى باھالاش جەريانىدا ئاممىنى قاتنىششقا تەكلىپ قىلىش، ئاممىغا ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

يولداشلار، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى چېكى تۇرۇشتا، چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە. بىز چوقۇم شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئىناقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى شەھىرىمىزنىڭ دىن خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىپ، دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا ئۈزلۈكسىز يېتەكچىلىك قىلىپ، دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپ رولىنى مۇھىم ۋاستىلىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىز ستراتېگىيە ۋە ئومۇمىيلىق يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئالغا ئىنتىلىش روھى ۋە راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «قوش بەشتە ياخشى» بەرپا قىلىشنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ۋە ياخشى ئىشلەپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

# ئۈرۈمچىگە نەزەر

بىرىنچى: شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى.

2013-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى، 12-ئاينىڭ 19-كۈنى ئېچىلغان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا شىنجاڭ خىزمىتى ئىككى قېتىم مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مۇھىم سۆز قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىدىكى ئالاھىدە ھەم مۇھىم بولغان ستراتېگىيىلىك ئورنىنى يەنىمۇ شەرھلىدى . بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى نۇقتا »، «ئۈچ ئەڭ»، توغرىسىدىكى ئىككى ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «مەۋقە ۋە مەقسەت» : شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەدەبىي ئەمىنلىكتۇر. «ئۈچ ئەڭ»: شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدىغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى خىزمەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلارنىڭ ئىناقلىقىدۇر. بۇ مۇھىم يەكۈنلەردە شىنجاڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ، ئاممىۋى، مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ يادروسى ۋە يۆنىلىشى يەنىمۇ شەرھلەنگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەن شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 1-ئاينىڭ 21-كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قانداق قىلىپ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى «12چوڭقۇر چۈشىنىش»نىڭ تەلەپلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. «مىللەتلەر، دىن مەسىلىسىدىكى «ئۈچ ئەڭ»دىن ئىبارەت مۇھىم يەكۈننى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئاممىۋى خىزمەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى مىللەتلەر-دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش لازىم» لىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. شىنجاڭنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ

«تۆت خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلى»نى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى «دىنىي ئېتىقاد ئىدىيە كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ، ئىدىيە مەسىلىلىرىنى ئىدىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش، مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنى مەدەنىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش، ئادەت مەسىلىلىرىنى ھۆرمەتلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش، تېررورلۇق مەسىلىلىرىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە قاتتىق زەربە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

1-ئاينىڭ 24-كۈنى ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇخەيلۇن جاڭ چۈنشيەن شۇجى ئوتتۇرىغا قويغان «12 چوڭقۇر چۈشىنىش »نى چۆرىدەپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» خىزمەت تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 3-ئاينىڭ 20-كۈنى ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا، جۇ خەيلۇن شۇجى شەھىرىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارنىڭ «19-دېكابىر مۇھىم سۆزى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا يەتتە جەھەتتە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەم شەھىرىمىزدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك مەھەللە، ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى، «بەشتە ياخشى دىنى زات»نى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىسىگە بەرگەن دىققەت-ئېتىبارىنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق بولۇپ باقمىغانلىقىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىرادىسىنىڭمۇ يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلەردىكى كادىرلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستقا تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ چۈشۈرۈلىشى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلەردىكى كادىرلارنى مەھەللە، ئاھالە كومىتېتلارغىچە تۈركۈملەرگە بۆلۈپ چۈشۈرۈشى بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسى ئەھۋالى

ئۈرۈمچى دېگەن سۆز قەدىمكى جۇڭغار موڭغۇل تىلىدا «گۈزەل يايلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇمۇمى نوپۇسى ئازغىنە كەم 5 مىليونغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى دائىمىي نوپۇس 3 مىليون 460 مىڭغا توغرا كېلىدۇ؛ بۇ يەردە 47 مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي

نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشى، بولۇپمۇ يىپەك يولى ئىقتىسادى بەلبېغىنى قۇرۇش تەدبىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇھىم بولماقتا.

2010 ـ يىلى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋە ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخى ۋەزىپىنى زىچ چۆرىدەپ، «ئەلنى بېيىتىپ، شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىناق، مۇقىم بولۇش» ئومۇمىي ستراتېگىيە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى تىرەك، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، «ئۈچ يىلدا بىر قاتلاش، بەش يىلدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش، ئون يىلدا زور ھالقىش» ئومۇمىي تەلپى بويىچە، ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقىدا سىجىل مۇقىم بولدى، شەھەرنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىق سىجىل، مۇقىم بولدى. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېغىرلاشقان كەسكىن ۋەزىيەتكە قارىتا، بىز كاللىمىزنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇپ، بۇرۇنقى ساۋاقلىرىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىدۇق. «5 ـ ئىيۇل » ۋەقەسىدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەرخىل كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، 3 نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئاسىيا، ياۋروپا يەرمەنكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، چوڭ ئىشلارنىڭ چىقماسلىقىنى، كىچىك ئىشلارنىڭ بولماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقنىڭ سىجىل، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ كەلدى.

شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شەھىرىمىزدە يول، قاتناش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئەۋرەز يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، پاسكىنا سۇنى بىرتەرەپ قىلىش، ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، زامانىۋى ئونىۋېرسال قاتناش تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا

ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى؛ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول ئىستانسىسى، مېترو 1 ـ نومۇرلۇق لىنىيەسى، «ئىككى لىنىيە، بىر ئايلانما يول»، «ئىككى كۆۋرۈك، بىر يول» قاتارلىق مۇھىم چوڭ قۇرۇلۇشلاردا ئارقا ئارقىدىن ئىش باشلاندى. بولۇپمۇ دۆلەت ئىچى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك BRT ئاممىۋى قاتنىشى ۋە خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتتۈرۈلدى، شەھەر بويىچە سىلىنما كۆلىمى چوڭ، قۇرۇلۇش ئومۇمىي مىقدارى زور بولغان «كاتەكچىسىمان» يول قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشنى پۇقرالار مۆجىزە دەپ تەرىپلىدى. مۇھىتنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كەڭ كۆلەمدە سىجىل قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ پاكىزلىقى، گۈزەللىشىش، يېشىللىشىش ۋە يورۇقلىشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەرنىڭ تازىلىقىنى 24سائەت پاكىزە ساقلاش، قىشتا قار ـ مۇزلارنى تازىلاشتا قارنىڭ توختىشى بىلەن تازىلىنىپ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇلار ئاممىنىڭ يۈكسەك ماختىشىغا ئېرىشتى. «بەشنى بەرپا قىلىش» (مەملىكەت بويىچە باغچىلاشقان شەھەر، پاكىزە شەھەر، مۇھىتتا ئۈلگىلىك شەھەر، مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر ۋە مەملىكەت بويىچە قوش ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەرنى ئۈدا سەككىز يىل بەرپا قىلىش) خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساپاسى ۋە شەھەر مەدەنىيلىك دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر قىياپىتىدە «بىر يىلدا بىر ئۆزگىرىش ياساش، ئۈچ يىلدا زور ئۆزگىرىش بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى روشەن ئۆستى. شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ئىشتىن ئاز دېگەندە 100نى بېكىتىپ ۋە يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان زور بىر تۈركۈم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھەل قىلدى. «ئائىلىسىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەر»دە 24سائەتكىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش تۈرى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ھەرخىل كاپالەتلىك ئۆيلەر سېلىندى. قاتناش قىستاڭچىلىقى بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىنىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ مەھەللىلەردە كۆكتات ـ قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ، كالا ـ قوي گۆشلىرىنى بىۋاستە سېتىش نۇقتىلىرى قۇرۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ

باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى؛ خوجىلىق مۇلازىمەت شىركەتلىرى يول ئۇلتۇراق رايونلىرىنىڭ ئۇل ـ مۇئەسسەلىرى ئۆزگەرتىپ باشقۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىسى بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشتى. بولۇپمۇ شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يولغا قويغان «كۆك ئاسمان قۇرۇلۇشى »، كۆمۈر يېقىلغۇسىنى گازغا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى شەھىرىمىزنىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، قىشتا «كۆپكۆك ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇت »نى كۆرۈش نورمال ئەھۋالغا ئايلىنىپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش، كىچىك باغچە ياساش قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. بۇلتۇر ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومغا مەملىكەت بويىچە باغچىلاشقان شەھەر دەپ نام بېرىلدى.

ئۈچىنچى، دىن خىزمىتى ئەھۋالى

شىنجاڭ قەدىمدىن بۇيان كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولغان رايون . نۆۋەتتە، شەھىرىمىزدە ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، داجىياۋ دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى قاتارلىق 6 خىل دىن بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دائىمىي ۋە كۆچمە نوپۇسى جەمئىي بىر مىليون 30مىڭغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىقادچى ئاما 600 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 58% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار تەخمىنەن 570 مىڭ (دائىمىي نوپۇس 420 مىڭ، كۆچمە نوپۇس 150 مىڭ)غا يېتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر 401 مەسچىت بار.

يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى توپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنى ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىن سىياسىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغان ئاساستا تاللىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ بىرەرسى كەمسىتىلمىدى، ناھەقچىلىككە ئۇچرىمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزى شەھەردىكى دىن ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە دىنلار ئارا ئىناقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۆپ تەرەپتىن كۈچەيتتى.

دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، مۇقىملىق خىزمىتى ئەستايىدىل

ياخشى ئىشلەندى. شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي پائالىيەتلەر، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زور ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ئاجرىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىپ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە سىڭىپ كىرىش قارا قولىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا سوزۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسى بولۇپلا قالماي، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى چۆچىتىش رولىنى ئوينىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ سىرتىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ جۈمە نامىزى، ھېيت نامىزى، رامىزان ئېيى مەزگىلى قاتارلىق مۇھىم دىنىي پائالىيەت مەزگىللىدە، ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن كادىرلار دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش، كىشىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش، بىخەتەرلىك، قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملەشتى. يەنە بىر تەرەپتىن «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىدى. بولۇپمۇ ھېيت ـ بايراملاردىكى دىنىي پائالىيەتلەردە ئاممىنى تارقاقلاشتۇرۇشقا ۋە ئاممىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئەتراپىغا كوچا ئاپتوبۇسلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمیۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. ئىنسانىيلىق بىلەن باشقۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، ۋەز ـ تەبلىغ ئېيتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ۋە دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، دىنىي ئەقىدە، دىنىي مەدەنىيەت، دىنىي ئەخلاق ـ پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قېزىپ چىقىپ، دىنىي زاتلار تەپسىر قىلىش، ۋەز تەبلىغ ئېيتىش شەكلى ئارقىلىق ئاممىنى يېتەكلەپ ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىپ ، ئېتىقادچى ئاممىنى ئەھلى مۇسۇلمان بولۇپلا قالماستىن، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان مۆمىن پۇقرا بولۇشقا، دىنىي ئەقىدىلەر ۋە دۆلەت قانۇنى قاتلىمىدىن يېتەكلەندى ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار «ۋەز ـ تەبلىغ» سۆزلىگەندە «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» نىڭ مەزمۇنى ۋە مەنىسىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىممەت يۆنىلىشى، ئىجتىمائىي رولى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق بىلدۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى مەركىزى شەھەرنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلىدى. شەھىرىمىز ئىسلام دىنىنىڭ «ۋەز ـ تەبلىغ» سۆزلەش مۇسابىقىسىنى ئۇدا 12 نۆۋەت، قىرائەت مۇسابىقىسىنى ئۇدا 9 نۆۋەت ئۇيۇشتۇردى. دىنىي زاتلىرىنىڭ جۈمە كۈنىدىكى ۋەز ـ تەبلىغ تېمىسى مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئارگىنالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، لېكسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» نى يولغا قويۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 2013 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان پىتنە ـ ئىغۋا، ساختا ئۇچۇرلارنى ۋە زوراۋانلىق، تېرروررلۇق دېلولىرىنىڭ يامان تەسىرىنى ۋاقتىدا تۈگەتتى. دىنىي زاتلار شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ ئېتىقادچى ئاممىغا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش خىزمىتىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتىدا ئېتىقادچى ئاممىغا يەتكۈزدى ھەمدە ئېتىقادچى ئاممىنى پىتنە ـ ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىككە يېتەكلەپ، ئېتىقادچى

ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆز ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش، هالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىش ۋە گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلەشكە يېتەكلىدى. ئەمەلىيەت شەھىرىمىزدىكى ئېتىقادچى ئاممىغا ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىشىنىشكە ۋە تايىنىشقا بولىدىغانلىقىنى، چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە مەيدانىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى، كاللىسىنىڭ سەگەك ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە ئومۇمىيلىقنى مۇھىم بىلىپ، ئىناق مەركىزى شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز كۈچ قوشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى 4 ـ قېتىم نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىشنى بىكىتكەنلىكىنىڭ 2 ـ يىلى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى جۇ خەيلۇن ئوتتۇرىغا قويغان «دىنىي زاتلار ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ياخشى ئىمام بولغانلىقىنى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئۆزىنىڭ مەسچىتنى قانداق ياخشى باشقۇرغانلىقىنى سۆزلىشى كېرەك» دېگەن يوليۇرۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى كۇرسقا ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىس ، ئالىم، پروفېسسورلارنى ۋە مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى خىزمىتىدە تەجرىبىسى مول رەھبەرلەرنى ۋە دىنىي زاتلارنى دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، دىنىي زاتلار كۇرسانتلارغا كلاسسىك دىنىي ئەسەرلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، «ۋەز ـ تەبلىغ» نى قانداق سۆزلەش، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قانداق ماسلاشتۇرۇش؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە ئاڭلىق باشقۇرۇشنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش؛ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى قانداق ياخشى ئادا قىلىپ، لاياقەتلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش؛ ئىچكىرىگە ۋە چەتئەللەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بارغان چاغدىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ۋە تەسىراتلىرى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. دىنىي زاتلارغا ئۆز كەچۈرمىشلىرى، تەسىراتى، مەسچىت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى لېكسىيە شەكلىدە سۆزلىتىش، «ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش ، يېتەكلەش» ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، بىر بىرىنى ئەسكەرتىشتەك تەربىيەلەش ئۇسۇلى

ۋەزىيەت تەلەپكە يېقىن، قوللىنىشچانلىقى گەۋدىلىك بولۇپ، تەربىيەلەش خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتتى. بىر تەرەپتىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، دىن ئىستىلى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشىلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن شەھىرىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئېتىقادچى ئاممىنى ياخشى يېتەكلەش، ياخشى تەربىيەلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان هالدا باشقۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. نۆۋەتتە شەھىرىمىزدىكى بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى «مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان هالدا ئۆزىنى باشقۇرۇش پرىنسىپى» ۋە «دىنىي ئىشلار نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېموكراتىك باشقۇرۇش هەيئىتىنى قۇردى (دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش هەيئىتى دەپ ئېلىندى)، گەرچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىۋاتقان تەشكىلات بولسىمۇ، لېكىن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ مەقسىتى ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قانۇنىي هوقۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. لېكىن، شەھەرلىشىش مۇساپىسىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئېتىقادچى ئامما بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بولۇپمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ جۈمە نامىزى، روزا هېيت نامىزى، قۇربان هېيت نامىزى، روزا تۇتۇش، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ «روژدېستۋا بايرىمى»، بۇددا دىنىنىڭ چاغاندىكى «تىلاۋەت قىلىش» قاتارلىق دىنىي پائالىيەت مەزگىلىدە، دىنىي ئۆرپ ئادىتى بويىچە ئېتىقادچى ئامما دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا دىنىي پائالىيەت ۋە مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ. ئەسلىدە پەقەت 500چە ئادەمنى سىغدۇرالايدىغان ئورۇندا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە 3000دىن 5000غىچە ئادەم دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشى مۇمكىن. بۇنداق بولسا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ يۈكى ئېشىپ كېتىدۇ. زور تۈركۈمدىكى ئېتىقادچى ئاممىنىڭ يوللارنى ئىگىلەپ ئىبادەت قىلىشى، بولۇپمۇ يول بويىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا پىيادىلەر يولىنى ئىگىلەپ ياكى ئاپتوموبىل يوللىرىنى ئىگىلەپ ئىبادەت قىلىشتەك هادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ قاتناش تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ياخشى ئوبرازى ۋە مەركىزى

شەھەرنىڭ مەدەنىيلىك ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا ئادەم، ئاپتوموبىللارنىڭ يول تالىشىشى سەۋەبىدىن ھادىسە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت، ئادەملەر زور دەرىجىدە توپلاشقانلىقتىن، ئالدىن مۆلچەرلىگۈسىز دەسسىلىش، ئوت ئاپىتى قاتارلىق بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى نۇقتىلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئۆزلۈكىدىن دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ئېتىقادچى ئاممىدىن تەشكىل تاپقان مەسچىتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ قوشۇندىكى ئادەم سانى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا 12 بولۇشقا، جۈمە نامىزى ۋە سەزگۈر مەزگىل، ھېيت-بايراملاردا 20 ئادەم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلىدىكى ئەزالارنىڭ فورمىلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بىر تۇتاش خىزمەت كىنىشكىسى تاقاپ ئىش ئورنىغا چىقىش، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، كۈندىلىك دىنىي پائالىيەت تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغداپ، دىنىي ساھەلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدى ئۈنۈملۈك ئېلىنىپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئاساسى قاتلاملارنىڭ خىزمىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ، دىنىي ئىشلارنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەر ۋاقىت كاپالەتلىك قىلىندى. تۆت يىلدىن بۇيان، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئاساسى قاتلاملارنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشىغا يەتتە مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجراتتى. كۈچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، باشقۇرۇش كومىتېتلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، مەھەللىلەرنى تەڭشەپ ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ، ئاساسى قاتلاملاردىكى مۇلازىمەت، باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىنىشنى ئاساسى جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى. بولۇپمۇ، شەھىرىمىزدىكى مەھەللىلەردە «ئىدارىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، كاتەكلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت، رەقەملەشكەن تىرەك بولۇش» دىن ئىبارەت

ئىجتىمائىي مۇلازىمەت باشقۇرۇش ئەندىزىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، دىنىي ساھەلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇ خىل خىزمەت مېخانىزمى كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقى ۋە دىنىي ساھەلەرنىڭ سىجىل مۇقىم بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى دىنىي زاتلارغا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ھەر ئايدا قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىشتىن سىرت، ھەر يىلى «روزى ھېيت»، «قۇربان ھېيت» ھارپىسىدا شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دىنىي زاتلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 2013-يىلى رامزان ھارپىسىدا شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ خەيلۇن ئالاقىدار خادىملارنى مەخسۇس تەشكىللەپ، مەخسۇس خىراجەت ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، شەھىرىمىزدىكى 53 مەسچىتكە 159 يۈرۈش چىراغ ئورنىتىپ، رامزان مەزگىلىدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. رامزان مەزگىلىدە شەھەرلىك پارتكوم يەنە مەخسۇس تۇر مەبلىغى ئاجرىتىپ، شەھىرىمىزدىكى 30 نۇقتىلىق مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە دىنىي زاتلاردىن ھال سورىدى. 2013-يىلى9-ئاينىڭ 4-كۈنى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ خەيلۇن، شەھەر باشلىقى ئىلھام سابىر شەھىرىمىزدىكى بىر قانچە مەسچىتكە ۋە دىنىي زاتنىڭ ئۆيلىرىگە مەخسۇس ھال سوراشقا باردى ھەمدە ئېتىقادچى ئاممىلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى، دىنىي ئىشلار، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە خەلق رايىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

# ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ .

أَمَّا بَعْدُ :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم ئەزىز قېرىنداشلار !

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنى پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇشقا، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىككە، ئۇلارنىڭ بارلىق مۇۋاپىق تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئورۇنلاپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَّهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِيْ صَغِيْرًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا (زېرىككەنلىكنى بىلدۈرىدىغان) ئوھۇش دېگەنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن. ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن. ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: "ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىك چېغىمدا (مېھىر بىلەن) تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن" دېگىن﴾**

**(17 ـ سۈرە / بەنى ئىسرائىل 23 ـ ،24 ـ ئايەت)**

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** ﴿ وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي

عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيْرُ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾ (31 ـ سۈرە/ لوقمان 14 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەردە بارلىق ئىنسانلارنى ئۇلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەجرىگە تەشەككۈر ئېيتىشنى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قىلچە ئازار بەرمەسلىكنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. دېمەك ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تائالا كاتتا ساۋاب ئاتا قىلىدىغان ياخشى ئەمەل.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىمدە ئۈچ ئايەت بار بولۇپ، ئاشۇ ئۈچ ئايەتكە ياندىشىپ كەلگەن يەنە ئۈچ ئايەت بار. ھەر بىر ئايەت ئۆزى بىلەن ياندىشىپ كەلگەن يەنە بىر ئايەت بىلەن تەڭ ئەمەلىيلەشمىسە ھەر ئىككىسىلا مەقبۇل بولمايدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى: ﴿أَقِيْمُوا الصَّلاَةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار﴾ (2 ـ سۈرە/ بەقەر 43 ـ ئايەت)**

ھەر قانداق ئادەم ناماز ئوقۇپ زاكات بەرمىسە ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى: ﴿اَنِ اشْكُرْ لِيْ وَلِوَالِدَيْكَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(ئى ئىنسان) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾ (31 ـ سۈرە/ لوقمان 14 ـ ئايەت)**

ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا تەشەككۈر ئېيتمىسا ئۇنىڭ قىلغان شۈكرانىسى مەقبۇل بولمايدۇ.

ئۈچىنچىسى: ﴿اَطِيْعُوا اللّٰهَ وَأَطِيْعُوا الرَّسُوْلَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 92 ـ ئايەت)**

ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىبادىتى مەقبۇل بولمايدۇ.

# ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ھەر قانداق ئىنسان قايسى مىللەت، قايسى تەبىقىدىن بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر ئاتا ـ ئانىسىز دۇنياغا كەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش، غەمخورلۇق قىلىش پەرزدۇر. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالاھىدە بەلگىسىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلار باغۇ ـ تاغلارنى ئايلىنىپ، كېزىپ تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈل ـ گىياھلاردىن شېرنە يىغىپ ھەسەل تۈپلىغان ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇ شېرىن ـ شەربەتلەر بىلەن ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ يېتىلدۈرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنى دەرەخنىڭ يىلتىزى، غولىغا ئوخشاتساق، باللار ئۇنىڭ شاخلىرىدۇر. دەرەخنىڭ يىلتىزى، غولى ئۇنى تەربىيەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ شاخلىرى بۈك ـ باراقسان ئايىنىپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.

[وَعَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : جَاءَ رَجُلٌ اِلَى رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أَحَقُّ النَّاسِ بِحُسْنِ صَحَابَتِيْ؟ قَالَ: أُمُّكَ قَالَ : ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ أُمُّكَ قَالَ ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ أُمُّكَ قَالَ ثُمَّ مَنْ قَالَ أَبُوكَ]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ : ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ لايىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىدى، رۇسۇللاھ : ئاناڭ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم : ئاندىن قالسچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ : ئاناڭ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم ئاندىن قالسچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ : ئاناڭ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم ئاندىن قالسچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئاندىن قالسا ئاتاڭ دېدى" (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۈچ قېتىم، دادىغا ياخشىلىق قىلىشنى بىر قېتىم تەۋسىيە قىلدى. چۈنكى ئانا ئۆزى يالغۇزلا ھامىلىدارلىق، تۇغۇش، ئېمىتىش قاتارلىق كۆپ جاپالارنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت بالىنى تەربىيەلەشتە ۋە ئۇنى ئاسراشتا دادا بىلەن تەڭ ھەتتا دادىدىنمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ. دېمەك ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى بەك كۆپ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: [اِنَّ الْجَنَّةَ تَحْتَ رِجْلِهَا]

**"شەك ـ شۈبھىسىزكى جەننەت ئۇ ئانىلار قەدەملىرى ئاستىدا". (ئىبنى ماجە ۋە**

**نەسەئي مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمەدىن رىۋايەت قىلغان)**

ئانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغدۇركى: بىر ئانا ئون پەرزەنتنى بېقىپ، تەربىيەلەپ قاتارغا قوشالايدۇ، لېكىن، ئون پەرزەنت بىرلىشىپ بىر ئانىنى باقالمايدىغان ئەھۋاللار بار.

قېرىنداشلار، ئاتا ـ ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى قەدىرلەيلى! ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىۋالايلى! ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالايلى! ئۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، پۇشايمان قىلىپ يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق.

ئەينى دەۋردە بىر ساھابە ئانىسى تۈگەپ كەتكەندە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ساھابىلەر يىغلىمىغىن، سەبىر قىلغىن دەپ تەسەللى بەرگەندە، ئۇ ساھابە: مەن رەسۇلۇللاھدىن [اَلْوَالِدُ أَوْسَطُ أَبْوَابِ الْجَنَّةِ] **”ئاتا ـ ئانا جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىك“** دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئانام ھايات ۋاقتتا ئۇ جەننەتنىڭ ئىشىكى ماڭا ئوچۇق ئىدى. ئانامنى قۇچاقلاپ پۇرىسام، جەننەتنىڭ ئىپارغا ئوخشاش مەززىلىك خۇشپۇراقلىرى، ئاجايىپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرى كېلەتتى، ئۆزۈمنى ھەقىقىي بەختلىك ھېس قىلاتتىم. ئانام تۈگەپ كەتتى، ئاشۇ جەننەتنىڭ ئىشىكى ماڭا تاقىلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ دەپ كۆز يېشى قىلدى. دېمەك بۇ ساھابە جەننەتنىڭ ئىككى ئىشىكىدىن بىرىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىغا كۆز يېشى قىلغانىدى.

ئاتا ـ ئانىمىز ھايات بولسا، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشالايمىز، دەرتلىرىمىزنى تۆكەلەيمىز، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ قويالايمىز. لېكىن، ئاتا ـ ئانىمىز تۈگەپ كەتسە ھېچنېمە قىلالمايمىز. ئۇلارنى سېغىنىپ كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ يىغلايمىز ـ يۇ، لېكىن ئۇلارنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيەلمەيمىز. بەلكى ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇزدەك قەبرە تاشلىرىنى سۆيۈپ قالىمىز.

[وَعَنْ أَبِيْ أُمَامَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : فَقَدْ وَرَدَ أَنَّ رَجُلاً قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ مَا حَقُّ الْوَالِدَيْنِ عَلَى وَلَدِهِمَا؟ قَالَ"هُمَا جَنَّتُك وَنَارُكَ]

**”ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدە ھەقلىرى نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ جەننىتىڭدۇر ياكى دوزىخىڭدۇر دېدى“ (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

يەنى ئاتا ـ ئاناڭغا ۋاپادار بولساڭ، ئاتا ـ ئاناڭنى رازى قىلساڭ جەننەت ساڭا تەييار، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭنى قاقشاتساڭ، ۋاپاسىزلىق قىلساڭ، يىغلاتساڭ، دوزاخ ساڭا تەييار دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتقانلىقنىڭ جازاسى

[وَعَنْ عَمْرِو بْنِ مُرَّةَ الْجُهَنِيِّ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ اِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُوْلَ اللّٰهِ شَهِدْتُ أَنْ لاَ اِلَهِ إِلاَّ اللّٰهُ وَأَنَّكَ رَسُولُ اللّٰهِ وَصَلَّيْتُ الْخَمْسَ وَأَدَّيْتُ زَكَاةَ مَالِى وَصُمْتُ رَمَضَانَ وَمَا لِىْ؟ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : مَنْ مَاتَ عَلَى هَذَا كَانَ مَعَ النَّبِيِّيْنَ وَالصِّدِّيْقِينَ والشُّهَدَاءِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ هَكَذَا ـ وَنَصَبَ اِصْبَعَيْهِ ـ مَا لَمْ يُعِقْ وَالِدَيْهِ]

**”ئەمرى ئىبنى مۇررەتەل جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: بەش ۋاق ناماز ئوقۇسام، مال ـ دۇنيارىمنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلسام، رامىزان روزىسىنى تۇتسام ماڭا قانداق ئەجىر بېرىلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : مۇشۇنداق قىلغان كىشى ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتمىسىلا پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى راستچىل كىشىلەر)، شەھىدلەر، سالىھلار بىلەن بىللە مۇشۇنداق يېقىن بولىدۇ، دەپ ئىككى بارمىقىنى بىرلەشتۇردى“ (ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك بۇ ھەدىستىن قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇش ـ بولماسلىقى ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش ـ بولماسلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

[عَنْ أَبِي بَكْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ عَنِ النَبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : كُلُّ الذُّنُوْبِ يُؤَخِّرُ اللّٰهُ مِنْهَا مَا شَاءَ اِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ اِلاَّ عُقُوقَ الْوَالِدَيْنِ فَاِنَّ اللّٰهَ يُعَجِّلُهُ لِصَاحِبِهِ فِى الْحَيَاةِ قَبْلَ الْمَمَاتِ]

**”ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ھەر قانداق گۇناھنىڭ جازاسىنى خالىسا، تا قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ. لېكىن، ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقان كىشىنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھاياتي دۇنيادا كېچىكتۈرمەي جازالايدۇ“ (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: ثَـلاَثُ دَعَـوَاتٍ لاَ شَـكَّ فِى اِجَابَتِهِنَّ : دَعْوَةُ الْمَظْلُوْمِ و دَعْوَةُ الْمُسَافِرِ ودَعْوَةُ الوَالِدِ عَلَى الْوَلَدِ]

**”ئەبـى هـۇرەيرە رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنـىدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ خىل دۇئا بار، ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا هېچقانـداق شـەك يـوق بىرىنچىسـى: زۇلۇمغـا ئۇچرىغۇچىنىـڭ دۇئاسـى. ئىككىنچىسـى: سـەپەر ئۈستىدىكى مۇساپىرنىڭ دۇئاسى. ئۈچىنچىسى: ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى“ (تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىگە ئىمان، هىدايەت، بەخت ـ سائادەت، ئىنساب تىلەپ دۇئا قىلسا شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ. ئەگەر، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلەرنى قارغاپ بەد دۇئا قىلسا، ئۇمۇ ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: [وَلَوْ دَعَتْ عَلَيْهِ اَنْ يُفْتَنَ لَفُتِنَ] **”ئەگەر ئانا بالىغا لەنەت قىلىپ بەد دۇئا قىلسا، بالا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ“ (ئىمام مۇسلىم جۇرەيج رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇدىن رىۋايەت قىلغان)**

ئەينى دەۋردە ئىمام زەمەخشەريي دېگەن كاتتا ئۆلىما ئۆتكەن، بۇ زاتنىڭ بىر پۇتى يوق ئىدى. كىشىلەر بۇ زاتتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، بۇ زات مۇنداق دەيدۇ: كىچىك ۋاقتىمدا بىر قۇشقاچنى تۇتۇۋېلىپ، پۇتىنى يىپ بىلەن باغلاپ ئۇچارتىپ ئوينىدىم. شۇ ئارىلىقتا قۇشقاچنىڭ يىپ باغلانغان پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتتى ئانام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، سەن قۇشقاچنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋەتكەندەك، ئاللاھ سېنىڭ پۇتۇڭنىمۇ ئۈزۈۋەتسۇن دەپ قاقشاپلا كەتتى. كېيىن بالاغەتكە يېتىپ ئىلىم ئوقۇش ئۈچۈن بۇخاراغا سەپەرگە ئاتلاندىم، يول ئۈستىدە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر پۇتۇم ئېغىر يارىلىنىپ ئاخىرى كېسىپ تاشلاندى. مەن ئانامنىڭ ئەينى دەۋردىكى قارغىشىنىڭ سەۋەبىدىن بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ، مۇشۇنداق بولۇپ قالغانمەن.

[عَنْ أَبِيْ بَكْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَـلَّى اللّٰهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ: أَلاَ أُنَبِّـئُكُمْ بِـأَكْبَرِ الْكَبَائِرِ ثَلاَثًا؟ قُلْنَا : بَلَى يَا رَسُولَ اللّٰهِ قَالَ أَلْإِشْرَاكُ بِاللّٰهِ وَعُقُوقُ الوَالِدَيْنِ]

**”ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام:**

**سلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بىز: بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئەڭ چوڭ گۇناھلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىشتىن ئىبارەتتۇر“ دېدى. (بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

بۇ ھەدىستە بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ، جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئالاھىدە بايان قىلىنغان.

[عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُمَا اَنَّ رَسُوْلَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مِنَ الْكَبَائِرِ شَتْمُ الرَّجُلِ وَالِدَيْهِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللّٰهِ وَهَلْ يَشْتُمُ الرَّجُلُ وَالِدَيْهِ؟ قَالَ نَعَمْ يَسُبُّ أَبَا الرَّجُلِ فَيَسُبُّ أَبَاهُ وَيَسُبُّ أُمَّهُ فَيَسُبُّ أُمَّهُ.]

**”ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىشى ئەڭ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھ، كىشى قانداقمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىسۇن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ ـ دە، ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىغانغا ئوخشاش چوڭ گۇناھقا مۇپتىلا بولىدۇ“ (بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِىْ وَقَّاصٍ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَنِ ادَّعَى اِلَى غَيْرِ اَبِيهِ وَهُوَ يَعْلَمُ أَنَّهُ غَيْرُ اَبِيهِ فَالْجَنَّةُ عَلَيْهِ حَرَامٌ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَمُسْلِمٌ)

**”سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بۇ زات مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىمكى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىراۋنى دادام دەپ دەۋا قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ھارامدۇر“ (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن نومۇس قىلىدىغان، ئۇلارنى خارلايدىغان، ھەتتاكى ئۇرىدىغان، ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىپ ئەتكەن تاماقلىرىنى يېمەيدىغان، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن تېنىپ باشقىلارنى دادام، ئانام دەپ دەۋا

قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئادەملەر جەننەتكە ھەرگىز كىرمەيدۇ دەپ جاكارلىدى.

قېرىنداشلار، ئاتا ــ ئانىمىز بىزنىڭ مۇشۇ ھاياتى دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىمىزغا سەۋەبچى بولغان ئۇلۇغ ئىنسانلاردۇر. شۇڭا، ئۇ ئاتا ــ ئانىمىز قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇلاردىن مەڭگۈ تانالمايمىز، ئىنكار قىلالمايمىز ۋە ۋاز كېچەلمەيمىز. شۇنداقلا پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشتىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

ھەتتا ئاللاھ تائالا ئاتا ــ ئانا مۇشرىك بولسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوْفًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئۇلارغا (يەنى مۇشرىك ئاتا ــ ئانىغا) دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن﴾ (31 ــ سۈرە / لوقمان 15 ــ ئايەت)**

[عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ :قَدِمَتْ عَلَيَّ أُمِّي وَهِيَ مُشْرِكَةٌ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَاسْتَفْتَيْتُ رَسُولَ اللهِ فَقَلْتُ : قَدِمَتْ عَلَيَّ أُمِّي وَهِيَ رَاغِبَةٌ أَيْ عَنِ الْإِسْلَامِ أَوْ فِيمَا عِنْدِي أَفَاصِلُ أُمِّي قَالَ صِلِي أُمَّكِ]

**"ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئانام مۇشرىك تۇرۇپ، مېنىڭ قېشىمغا يەنى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سوراپ: ئانام مەندىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇ مۇشرىك، مەن ئۇنىڭغا سىلە ــ رەھىم قىلسام بولامدۇ؟ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭغا سىلە ــ رەھىم قىلغىن، دېدى" (ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان)**

**ئاتا ــ ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەققىدە قىلىنىدىغان خەيرى ــ ئېھسانلار:**

[عَنْ أَبِيْ أُسَيْدٍ مَالِكِ بْنِ رَبِيْعَةَ السَّاعِدِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: بَيْنَمَا نَحْنُ جُلُوْسٌ عِنْدَ رَسُوْلِ اللهِ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اِذْ جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِيْ سَلَمَةَ فَقَالَ : يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ بَقِيَ مِنْ بِرِّ أَبَوَيَّ شَيْءٌ أَبَرُّهُمَا بِهِ بَعْدَ مَوْتِهِمَا؟ قَالَ نَعَمْ اَلصَّلَاةُ عَلَيْهِمَا وَالْإِسْتِغْفَارُ لَهُمَا وَاَنْفَاذُ عَهْدِهِمَا مِنْ بَعْدِهِمَا وَصِلَةُ الرَّحِمِ الَّتِي لَا تُوْصَلُ اِلاَّ بِهِمَا وَاِكْرَامُ صَدِيقِهِمَا]

**"ئەبى ئۇسەيد مالىك ئىبنى رەبىيئەس سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەنى سەلىمە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا مەن قىلغۇدەك ياخشىلىق قالدىمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۇلار ھەققىدە نامـاز ئوقـۇش، ئـۇلار ئۈچـۈن مەغپىـرەت تىـلەش، ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىنى ئورۇنلاش، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە سىلە ـ رەھىم قىلىش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئىشلار بار. دېدى" (ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قُلْتُ :يَا رَسُوْلَ اللّٰهِ اِنَّ أُمِّى مَاتَتْ فَأَيُّ صَدَقَةٍ أَفْضَلُ قَالَ (اَلْمَاءُ) فَحَفَرَ بِئْرًا وَقَالَ : هَذِهِ لِأُمِّ سَعْدٍ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**"سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەسۇلۇللاھ ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى، (ئانام ھەققىدە) قايسى سەدىقە ئەڭ ياخشى دەپ سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۇ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇدۇقتىن بىرنى كولاپ، بۇنىڭ ساۋابى سەئىدنىڭ ئانىسى ئۈچۈن بولسۇن دېدى"**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىنىڭ يوللىرىدا بىر ئەئرابى كىشىگە ئۇچرىشىپ قالدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپ، ئۇنى ئېشىكىگە مىندۈرۈپ، بېشىدىكى سەللىسىنى كەيدۈرۈپ قويدى. ئابدۇللا ئىبنى دىنار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن، سىز بۇ ئەئرابى كىشىگە ئازراق بىر نەرسە بېرىپ قويسىڭىز كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ دېۋىدى، ئابدۇللا: ئۇ ئەئرابى كىشى دادام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇ كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلدىم. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: [اِنَّ أَبَرَّ الْبِرِّ صِلَةُ الْوُدِّ أَهْلَ وُدِّ أَبِيْهِ] **"ياخشىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا ياخشىلىق دادىنىڭ دوستلىرىغا دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈش (يەنى دادىنىڭ دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىش)" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

[عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : بِرُّوا آبَاءَكُمْ تَبَرُّكُمْ أَبْنَاءُكُمْ وَعِفُّوا تَعِفُّ نِسَاؤُكُمْ]

**"ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ، سىلەر ئىپپەتلىك بولۇڭلار، ئاياللىرىڭلار ئىپپەتلىك بولىدۇ" (تەبرانىي رىۋايەت قىلغان)**

بۇ دۇنيا ئۆتنە ئالەم. ھاياتىي دۇنيادا ئاتا ـ ئاتىمىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولساق، كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىمىزدىن شۇنداق مۇئامىلىگە ئېرىشىمىز.

تابىئىنلاردىن بولغان بىر تۇركۇم ئۆلىمالار ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك ئىشقا يىغىنچاقلىغان:

1. ئاتا ـ ئانىسى بىرەر يېمەكلىككە كۆڭلى تارتسا، ئۇنى كېچىكتۈرمەستىن ئەكېلىپ بېرىش.
2. كىيىم ـ كېچەككە ھاجىتى بولسا، ئۇنى دەرھال ھازىرلاپ بېرىش.
3. بىرەر خىزمەتكە ئېھتىياجى بولسا، خىزمىتىنى ۋاقتىدا قىلىپ بېرىش.
4. ئاتا ـ ئانىسى چاقىرسا، دەرھال جاۋاب بېرىپ، يېنىدا ھازىر بولۇش.
5. گۇناھ بولمايدىغان ھەر قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، دەرھال ئىجرا قىلىش.
6. گەپ ـ سۆز قىلغاندا ناھايىتى يۇمشاق، مۇلايىم بولۇش، ھەرگىز قوپال گەپلەرنى قىلماسلىق.
7. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرماسلىق.
8. يول يۈرگەندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارقىسىدا مېڭىش.
9. ئۆزى نېمىنى ياخشى كۆرسە، ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرۈش، نېمىنى يامان كۆرسە ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ شۇنى يامان كۆرۈش.
10. ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلغان ھەر قانداق ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ تەڭ دۇئا قىلىش.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە مۇستەھكەم ئىمان، ئىنساب ـ دىيانەت، خالىس نىيەت ئاتا قىلسۇن. ئاتا ـ ئانىمىزنى رازى قىلىش يولىدا باسقان ھەر بىر قەدىمىمىزنى بەرىكەتلىك قىلسۇن، يولىمىزنى داغدام قىلسۇن. ھەر بىرىمىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشقا نېسىپ قىلغاي! ئامىن!

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

**﴿ئى رەببىمىز!بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 201 ـ ئايەت)**

# تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي خَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيْرًا وَدَبَّرَ عِبَادَهُ عَلَى مَا تَقْتَضِيْهِ حِكْمَتُهُ وَكَانَ اللّٰهُ لَطِيْفًا خَبِيْرًا وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَكَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرًا وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ أَرْسَلَهُ اللّٰهُ تَعَالَى بَيْنَ يَدَي السَّاعَةِ بَشِيْرًا وَنَذِيْرًا (وَدَاعِياً إِلَى اللّٰهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجاً مُنِيْراً) (الأحزاب:46) صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ وَمَنْ تَبِعَهُمْ بِإِحْسَانٍ وَسَلَّمَ تَسْلِيْمًا كَثِيْرًا.**

**أما بعد :**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

بۈگۈن بىز ئىسلام دىنىدىكى تەقدىر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. تەقدىر ئىنتايىن مۇھىم ۋە بەك نازۇك تېما. مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن تەقدىرنى چۈشىنىش، ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ .

كىمكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىسا ياكى شەك كەلتۈرسە مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

تەقدىرنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش (شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش) بىر ئىنساننىڭ ۋە بەلكى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام دىنىغا تەقدىرنى باھانە قىلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى تەقدىرگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆپ ئىشلارنى تەقدىر بويىچە چۈشىنىپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن، تەقدىرنى يۈزەكى چۈشىنىشۋالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

تەقدىر شەرىئەت ئىستېلاھىدا قازا ۋە قەدەر دېيىلىدۇ. قازا (اَلْقَضَاءُ) نىڭ لۇغەت مەنىسى بىر نەرسىنى پۇختا قىلىش دېمەكتۇر.

قەدەر (قَدَرٌ) نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى تەقدىر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇش بېكىتىش دېمەكتۇر. قازا ۋە قەدەر شەرىئەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەزەلى ئىلمى بىلەن ئىشلارنى ئالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا قازا ۋە قەدەرنى تەقدىر دەپ ئادەتلەنگەن. بىز چۈشىنىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ھەم بۇنداق ئاتاش توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ بويىچە ئالدۇق.

تەقدىرنى چۈشىنىشتە قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[تَرَكْتُ فِيكُمْ مَا اِنْ تَمَسَّكْتُمْ بِهِ لَنْ تَضِلُّوا بَعْدِي أَبَدًا :كِتَابُ اللّٰهِ وَسُنَّتِي]

**”مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم، ئۇنى مەھكەم تۇتساڭلار مەندىن كېيىن ئېزىپ كەتمەيسىلەر ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم“**

مۇشۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ روھى بويىچە ئالدى بىلەن تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾ (54 ـ سۈرە قەمەر/ 49 ـ ئايەت)**

﴿وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بېكىتتى﴾ (25 ـ سۈرە / فۇرقان 2 ـ ئايەت)**

بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ئۆزى ئىرادە قىلغان مەلۇم ئۆلچەم بويىچە ياراتقانلىقىنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاسمان ـ زېمىن ۋە بارلىق مەخلۇقاتلار ئىنتايىن ئۆلچەملىك، پۇختا قىلىپ يارىتىلغان.

قوله تعالى : ﴿وَكَانَ أَمْرُ اللّٰهِ قَدَرًا مَّقْدُورًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 38 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشى شەكسىز بولىدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

﴿فَلَبِثْتَ سِنِيْنَ فِي أَهْلِ مَدْيَنَ ثُمَّ جِئْتَ عَلَى قَدَرٍ يَّا مُوسَى﴾

**تەرجىمىسى: ﴿سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇرغان ئىدىڭ، كېيىن، ئى مۇسا! سەن تەقدىر بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭ﴾ (20 ـ سۈرە / تاها 40 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديەن دېگەن شەھەردە ئۇزاق يىللار تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىر قىلىشى بىلەن پىرئەۋنگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۇچۇن تۇر تېغىغا كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

﴿أَلَمْ نَخْلُقْكُمْ مِنْ مَاءٍ مَهِينٍ فَجَعَلْنَاهُ فِي قَرَارٍ مَكِينٍ إِلَى قَدَرٍ مَعْلُومٍ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿بىز سىلەرنى ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ بىز ئۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە پۇختا قارارگاھتا (يەنى بالىياتقۇدا) تۇرغۇزدۇق﴾ (77 ـ سۈرە / مۇرسەلات 20~22 ـ ئايەت)**

﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى الَّذِيْ خَلَقَ فَسَوَّى وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنى پاك دەپ بىلگىن. ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتنى يارىتىپ، ئۇلارنى بېجىرىم قىلدى. ئۇلارغا (ھەممە ئىشنى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى (پايدىلىنىش يوللىرىغا) باشلىدى﴾ (87 ـ سۈرە / ئەئلا 1 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتلەردە ئىنسان بالىسىنىڭ ئابى مەنىدىن ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى، تۇغۇلغانغا قەدەر ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا تۇرىدىغانلىقى، ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن باشلاپ قويۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بوۋاق تۇغۇلغاندىلا ھېچكىم ئۆگىتىپ قويمىسىمۇ ئانىسىنىڭ كۆكسىنى بىمالال ئېمەلەيدىغانلىقىنى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، بۇ ئىشلارنى ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الْأَرْضِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿بىز بۇلۇتتىن ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق﴾ (23 ـ سۈرە / مۇئمىنۇن 18 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر، زېمىننىڭ قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ شۇنىڭغا لايىق يامغۇر ياغدۇرغانلىقى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

# تەقدىر توغرىلىق كەلگەن ھەدىسلەر

1. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان توغرىلىق سورالغاندا مۇنداق دېگەن:

[الْإِيمَانُ أَنْ تُؤْمِنَ بِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ]

**"ئىمان: ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىقلار ۋە يامانلىقلار تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر"**

ئىماننىڭ پەرىزلىرى ئالتە بولۇپ تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش شۇنىڭ قاتارىدىن.

2. [عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لاَيُؤْمِنُ عَبْدٌ حَتَّى يُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ حَتَّى يَعْلَمَ أَنَّ مَا أَصَابَهُ لَمْ يَكُنْ لِيُخْطِئَهُ وَأَنَّ مَا أَخْطَأَهُ لَمْ يَكُنْ لِيُصِيبَهُ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەندە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە ۋە شۇنداقلا ئاللاھ ئۇنىڭغا يېتىدۇ دەپ بەلگىلىگىنى يەتمەي قالمايدىغانلىقىغا، ئاللاھ ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ دەپ بەلگىلىگىنى ھەرقانداق سەۋەب بىلەنمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمىگىچە كامىل ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ"**

3. [عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ : قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : لاَ يُؤْمِنُ عَبْدٌ حَتَّى يُؤْمِنَ بِأَرْبَعٍ، يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ، وَأَنِّي رَسُوْلُ اللهِ بَعَثَنِيْ بِالْحَقِّ، وَيُؤْمِنُ بِالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ، وَيُؤْمِنُ بِالْقَدَرِ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ وَأَحْمَدُ)

**"ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەندە تۆت نەرسىگە ئىمان ئېيتمىمۇچە كامىل مۆمىن بولمايدۇ. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ، ۋە مېنى ئاللاھنىڭ ھەق بىلەن ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئۆلۈمگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش" (ئەھمەد ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

4. [عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : إِذَا قَضَى اللهُ لِعَبْدٍ أَنْ يَمُوتَ بِأَرْضٍ جَعَلَ لَهُ إِلَيْهَا حَاجَةً أَوْقَالَ: بِهَا حَاجَةً.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا بەندىگە مەلۇم بىر زېمىندا ئۆلۈشنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇ بەندىنى شۇ زېمىنغا بېرىشقا ھاجەتمەن قىلىپ قويىدۇ"**

ئادەم ئۆزىنىڭ قايسى زېمىندا ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقى ئاللىقاچان تەقدىرگە پۈتۈۋېتىلگەن، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يولدا، سەپەردە، باشقا يۇرتلاردا تورلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئىشلار مانا بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر.

5. [عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: كُلُّ شَيْءٍ بِقَدَرٍ حَتَّى الْعَجْزُ وَالْكَيْسُ] (رَوَاهُ مَالِكُ)

**"ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ئاجىزلىق ۋە زېرەكلىكتىن ئىبارەت ھەممە نەرسە تەقدىر بىلەن بولىدۇ (تەقدىرگە باغلىقتۇر)"**

7. [عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اَلْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللهِ مِنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيْفِ، وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ، إِحْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ، وَاسْتَعِنْ بِاللهِ وَلاَتَعْجَزْ، وَإِنْ أَصَابَكَ شَيْءٌ فَلاَ تَقُلْ: لَوْ أَنِّى فَعَلْتُ كَانَ كَذَاوَكَذَا وَلَكِنْ قُلْ: قَدَرُ اللهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ، فَإِنَّ (لَوْ) تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَانِ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالاغا كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن سۆيۈملۈكرەكتۇر، ھەر بىرىدە ياخشىلىق بار، ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىش بىلەنلا بولغىن، ئاللاھتىن مەدەت تىلە، بوشاڭلىق قىلما، ساڭا بىرەر ئىش بولسا مۇنداق قىلسام بوپتىكەن، ئۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېمە، ئاللاھنىڭ پۈتكىنى بولدى، ئاللاھ خالىغاننى قىلدى، دېگىن، ئۇنى قىلسام بوپتىكەن، بۇنى قىلسام بوپتىكەن دېگەندەك سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ شەيتاننىڭ ئەمەللىرىگە باشلايدۇ"**

ئاجىزلىق مۆمىننىڭ سۈپىتى ئەمەس، ئاللاھمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، مۆمىن ئۆزىنى ئاجىز سانىماي ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئاساستا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشسۇن، كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىسە ھەسرەتلەنمەي بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ھەممە

ئىش تەقدىر بويىچە بولىدۇ دەپ ئۇنىڭغا رازى بولسۇن، ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دەپ شەيتانغا يول ئېچىپ بەرمىسۇن.

8. [جَاءَ رَجُلٌ مِنَ الْأَنْصَارِ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّ لِيْ جَارِيَةً أَعْزِلُ عَنْهَا؟ فَقَالَ عَلَيْهِ الصَّلَاةُ وَالسَّلَامُ : سَيَأْتِيهَا مَا قَدَرَ لَهَا. فَأَتَاهُ بَعْدَ ذَلِكَ فَقَالَ: قَدْ حَمَلَتِ الْجَارِيَةُ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا قُدِّرَ لِنَفْسٍ شَيْءٌ إِلاَّ هِيَ كَائِنَةٌ] (رَوَاهُ اِبْنُ مَاجَةَ)

**”جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئەنسارلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بىر دېدىكىم بار ئۇنىڭدىن ئەزلى قىلسام (ئەزلى قىلىش؛ مەنىنى سىرتقا تۆكۈشتۇر) بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ دېدەككە تەقدىر قىلىنغان ئىش بولىدۇ. دېدى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ھېلىقى دېدەك ھامىلدار بولۇپ قالدى، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر جانغا نېمە تەقدىر قىلىنغان بولسا شۇ نەرسە چوقۇم بولىدۇ، دېدى.“**

بىز يۇقىرىدا تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى بايان قىلدۇق، تۆۋەندە تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

1. ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ دەپ ئىمان ئېيتىش. بۇ توغرىلىق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ (49ـ سۈرە ھۇجۇرات 16ـ ئايەت)**

﴿اللهُ الَّذِيْ خَلَقَ سَبْعَ سَمَٰوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ الْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوا أَنَّ اللهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ اللهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾

**تەرجىمىسى : ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مىقداردا زېمىننى ياراتتى، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ (65ـ سۈرە / تالاق 12ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى لەۋھۇل مەھفۇزدا پۈتكەن دەپ ئىمان ئېيتىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ اللّٰهَ يَعْلَمُ مَا فِى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ إِنَّ ذَلِكَ فِىْ كِتَابٍ إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللّٰهِ يَسِيْرٌ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد) ساڭا مەلۇمكى، ئاللاھ ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر. بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاساندۇر﴾ (22 ـ سۈرە / ھەج 70 ـ ئايەت)**

[عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُوْلُ: كَتَبَ اللّٰهُ مَقَادِيْرَ الْخَلاَئِقِ قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ بِخَمْسِينَ أَلْفِ سَنَةٍ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن خالايىقلارنىڭ تەقدىرىنى يازدى" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمان زېمىننىڭ يارىلىشىدىن بۇرۇنلا لەۋھۇل مەھفۇزدا يازغان.

3. ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسى ئاستىدا بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ. دەپ ئىمان ئېيتىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَفْعَلُ اللّٰهُ مَا يَشَاءُ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾ (14 ـ سۈرە / ئىبراھىم 27 ـ ئايەت)**

﴿إِنْ هُوَ إِلاَّ ذِكْرٌ لِلْعَالَمِيْنَ لِمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ أَنْ يَسْتَقِيْمَ وَمَا تَشَاؤُوْنَ إِلاَّ أَنْ يَشَاءَ اللّٰهُ رَبُّ الْعَالَمِيْنَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿قۇرئان پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلارغا نەسىھەتتۇر. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى ئاللاھ ئىرادە قىلغاندىلا، ئاندىن سىلەر توغرا يولدا بولۇشنى خالايسىلەر﴾ (81 ـ سۈرە / تەكۋىر 28 ـ، 29 ـ ئايەت)**

4. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقان دەپ ئىمان ئېيتىش.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيْلٌ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر﴾ (39 ـ سۈرە زۇمەر 62 ـ ئايەت)**

﴿ إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ ﴾ **تەرجىمىسى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾ (54 ـ سۈرە/ قەمەر 49 ـ ئايەت)**

﴿ وَاللهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُوْنَ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، ئۆزۈڭلار تاراشلاپ ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟﴾ (37 ـ سۈرە / سەففات 96 ـ ئايەت)**

بۇ تۆت نۇقتىنى چۈشەنمەي، ھەم ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ تەقدىرگە مۇكەممەل ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ياراتماقچى بولغان مەخلۇقاتلارنى، ھەم ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئالدىن بىلىپ، شۇ بويىچە لەۋھۇل مەھفۇزدا يازغان. ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك تەقدىر ئىككى خىل بولىدۇ.

1. ئېگىز ـ پاكار بولۇش، ئوغۇل ـ قىز بولۇش، چىرايلىق ـ سەت بولۇش، ھايات ـ ئۆلۈم، تۇرلۇك مۇسىبەتلەر، كېسەل بولۇش، ئەجەل، رىزىق، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ بۇ ئىشلاردا بەندە ئۇچۇن ھېچقانداق ئىختىيارلىق بولمايدۇ. ھەم سوراقىمۇ تارتىلمايدۇ. تەقدىرگە تەن بېرىپ رازى بولۇش لازىم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيْبَةٍ فِيْ الْأَرْضِ وَلاَ فِيْ أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِيْ كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللهِ يَسِيْرٌ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان بالا ـ قازالارنىڭ ھەممىسى بىز يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزدا بار ئىدى. بۇ شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر﴾ (57 ـ سۈرە / ھەدىد 22 ـ ئايەت)**

[وَعَنْ اِبْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: كُنْتُ خَلْفَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمًا قَالَ يَا غُلاَمُ ، إِنِّيْ أُعَلِّمُكَ كَلِمَاتٍ : إِحْفَظِ اللهَ يَحْفَظْكَ ، إِحْفَظِ اللهَ تَجِدْهُ تُجَاهَكَ ، إِذَا سَأَلْتَ فَاسْأَلِ اللهَ، وَإِذَا اِسْتَعَنْتَ فَاسْتَعِنْ بِاللهِ، وَاعْلَمْ أَنَّ الأُمَّةَ لَوِ اجْتَمَعَتْ عَلَى أَنْ يَنْفَعُوكَ بِشَيْءٍ، لَمْ يَنْفَعُوكَ إِلاَّ بِشَيْءٍ قَدْ

كَتَبَهُ اللّٰهُ لَكَ، وَإِنْ اجْتَمَعُوْا عَلَى أَنْ يَضُرُّوْكَ بِشَيْءٍ لَمْ يَضُرُّوْكَ إِلاَّ بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللّٰهُ عَلَيْكَ، رُفِعَتِ الأَقْلَامُ وَجَفَّتِ الصُّحُفُ ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**’’ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئى بالام، مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي دەپ مۇنداق دېدى : ئاللاھنى ياد ئەتكىن، ئاللاھ سېنى ياد ئېتىدۇ، ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھنى ئۆزۈڭگە يېقىن ھالدا تاپىسەن، ئەگەر سەن سورىساڭ، ئاللاھتىن سورىغىن، ئەگەر ياردەم تەلەپ قىلساڭ ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلغىن، بىلگىنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولسا، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتۈۋەتكەن پايدىنىلا يەتكۈزەلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتۈۋەتكەننىلا يەتكۈزەلەيدۇ، قەلەم كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرۇپ بولدى“**

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: قَالَ اللّٰهُ عَزَّ وَجَلَّ: يُؤْذِيْنِيْ اِبْنُ آدَمَ يَسُبُّ الدَّهْرَ، وَأَنَا الدَّهْرُ بِيَدِيْ الْأَمْرُ، أُقَلِّبُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**’’ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا دەيدۇكى: ئادەم بالىسى زاماننى تىللاپ ماڭا ئازار بېرىدۇ، ھالبۇكى مەن زاماندۇرمەن. (يەنى زاماننىڭ ئۆزگىرىشى مەن قىلىۋاتقان ئىشتۇر) ھەممە ئىش مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر، كېچە ـ كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىمەن“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

2. ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولىدىغان ئىشلار.

مەسىلەن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، ۋە كاپىر بولۇش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئاسىي بولۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئەسكى ئىشلارنى قىلىش، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى ئىشلارنى بايان قىلىپ بەردى. ھەم ئىمان ئېيتىشقا، ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. كاپىر بولۇشتىن، ئاسىي بولۇشتىن توستى. ئىنسانغا ئەقىل ئاتا قىلدى. ئىختىيارلىقنى بەردى. ئىككى يولنىڭ قايسىنى تاللىسا، ئاللاھنىڭ خالىشى بويىچە بولىدۇ. ئاللاھ خالىمىسا ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ ئىشلاردا ئىنسان ئۇچۇن قايسىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بولغاچقا ئاخىرەتتە ھېسابقا تارتىلىدۇ ۋە جازالىنىدۇ.

﴿ فَمَنْ شَاءَ فَلْيُؤْمِنْ وَمَنْ شَاءَ فَلْيَكْفُرْ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 29 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُوْرَهَا وَتَقْوَاهَا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿جان بىلەن ۋە جان ئىگىسىنى بېجىرىم ياراتقان، ياخشىلىق ـ يامانلىقنى ئۇنىڭغا تونۇتقان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ (91 ـ سۈرە / شەمس 7 ـ 8 ـ ئايەت)**

﴿إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيْلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُوْرًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ھەقىقەتەن بىز ئۇنىڭغا (ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكرى قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچى بولىدۇ﴾ (76 ـ سۈرە / ئىنسان 3 ـ ئايەت)**

﴿إِنْ هُوَ إِلاَّ ذِكْرٌ لِلْعَالَمِيْنَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(ئۇ قۇرئان) سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلارغا نەسىھەتتۇر﴾ (81 ـ سۈرە / تەكۋىر 27 ـ ئايەت)**

ئىنساننىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا قارىتا بولىدۇ، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەن بولىدۇ. بۇ توغرىلىق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُوْنَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشى ھاياتلىق ئاتا قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە چوقۇم مۇكاپات بېرىمىز﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 96 ـ ئايەت)**

كاپىر بولغان، ئاللاھقا ئاسىي بولغان كىشى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختسىز بولىدۇ.

﴿مَن يَعْمَلْ سُوءاً يُجْزَ بِهِ وَلاَ يَجِدْ لَهُ مِن دُونِ اللهِ وَلِيّاً وَلاَ نَصِيْراً ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴾ (4 ـ سۈرە/ نىسا 123 ـ ئايەت)**

# تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ پايدىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىش.

چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەرنى، ئادەم ۋە جانلىقلارنى ئىنتايىن پۇختا ئىنتىزام، ئۆلچەم بىلەن ياراتقان.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم ـ ھېكمىتىنىڭ نەقەدەر چەكسىزلىكىنى ھېس قىلىش.

چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەتتى، شۇ بويىچە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى پۈتكەن. ئىنسان تەقدىرگە نېمىلەرنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە ئىش قىلىش لازىم. شۇندىلا دۇنيادا، ئاخىرەتتە زىيان تارتمايدۇ.

3. تەقدىر بىلەن سەۋەب بىر ـ بىرىگە زىت كەلمىگەنلىكتىن ھەم سەۋەبمۇ ئۆزى تەقدىر بولغانلىقتىن (مەسىلەن: كېسەل بولۇش تەقدىر، ئۇنى داۋالاش تەقدىر، ۋاھاكازالار) تەقدىرگە ئىشەنگەن، ئۇنى چۈشەنگەن كىشى ئالغا ئىنتىلىدۇ، تىرىشىدۇ، بوشاڭلىق قىلمايدۇ.

4. تەقدىرگە ئىمان ئېيتقان كىشى ئۆتكەن ئىشلارغا ئۆكۈنمەيدۇ، كېلىدىغان ئىشلارغا بولسا ئەنسىرىمەيدۇ، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ دەپ قاراپ، ئاڭا رازى بولىدۇ.

5. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش كىشىلەرگە خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىك ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاتىرجەم راھەت ياشايدۇ.

6. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش كىشىلەرنى باتۇر، قورقماس قىلىدۇ.

7. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ئىماننى مۇكەممەل قىلىدۇ. چۈنكى، تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىغان كىشىنىڭ ئىمان ھەقىقىي ئىمان ھېسابلانمايدۇ.

8. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش كىشىلەرنى خاتا ئەقىدە، خاتا كۆز قاراشلاردىن ساقلايدۇ.

9. تەقدىر ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس سىر ۋە ھېكمىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسىتىپ بەرگەن يول بويىچىلا ئەقىدە باغلاش لازىم. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدىنىش ياكى ئۆز تەقدىرىدىن ۋايساش كۇپۇرلۇقتىن ئىبارەت.

ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا بىزلەرنى تەقدىرنى توغرا چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! خاتا ئەقىدە ۋە بولمىغۇر گۇمانلاردىن ساقلىسۇن!

## دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى

بەندە دۇئا قىلىش بىلەن بىللە سەۋەبىنىمۇ قىلىش كېرەك. دۇئادا تىلغا ئېلىنغان تىلەكلەرنىڭ ئەشقا ئېشىشى ئۈچۈن دۇئاغا ئىش ـ ھەرىكەت ياندىشىپ كېلىشى لازىم. كۆڭۈلگە پۈككەن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ياكى بىرەر زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرۈش لازىم. خۇداغا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ ئۆيدە يېتىش ياكى قاراملىق بىلەن قارىسىغا ئىش قىلىشنىڭ ئىككىلىسى خاتا. ئىشنىڭ ئۆز يولى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، سەۋەبىنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش لازىم. ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان تەۋەككۇلنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەنە شۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىكى: "سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، خۇددى قۇشلار ئەتىگەندە ئۇۋىلىرىدىن ئاچ چىقىپ، ئوزۇق تېرىپ يەپ كەچتە توق قايتىپ كەلگىنىدەك ئەلۋەتتە سىلەرمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان بولاتتىڭلار" دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ تەۋەككۇل بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇشلار بولسا ئۇۋىلىرىدا ياتماي كۇندۇزى كەچكىچە يۈرۈپ دان ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە ئۆزىمۇ تويغۇدەك، ئۇۋىدىكى باللىرىغىمۇ توشۇغۇدەك دانغا ئېرىشىدۇ. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”بىرەرسىڭلار ئاللاھنىڭ ئاسماندىن ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ياغدۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا ھەرىكەت قىلماستىن، ئى ئاللاھ ماڭا رىزىق بەرگىن دەپ قاراپ ئولتۇرمىسۇن“ دېگەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» شۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلاَّ مَا سَعَى﴾

**تەرجىمىسى : ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ (53 ـ سۈرە / نەجىم 39 ـ ئايەت)**

مانا بۇ ئايەتتىن «ئۈزمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرۇشنىڭ قەتئىي خاتا ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

دۇئا ئارقىلىق ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىللە ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا

چىقىشى ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر ۋە ئامال ئىزدەش لازىم. "تەلەپ قىل سەۋەب قىل" دېگەن ئاتىلار سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. سەۋەب بىلەن بىللە قىلىنغان دۇئا ئىماننىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىلىدۇ. سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، ئىمان دېگەن تىل بىلەن ئېيتىش، دىل بىلەن ئىشىنىش، قول سېلىپ ئىشلەشتىن ھاسىل بولىدۇ. تىل، دىل، ھەرىكەت ماسلىشىپ قىلىنغان دۇئا ئاندىن دۇرۇس دۇئا سانىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بىرەر مۇسۇلمان بەندە ئاللاھتىن دۇنيادا رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، ئاخىرەتتە مەغپىرەت قىلىنىشىنى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى تىلەيدىكەن، چىن دىلى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشتىن تاشقىرى، رىزىققا ۋە مەغپىرەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى لازىم.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بەزى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ناماز ئوقۇماسلىقنى، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتماسلىقنى، گۇناھ مەئسىيەتلەرنى قىلىشنى تەقدىرگە باغلاپ، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەن دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئاقلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ئىسلامدا قىلچىمۇ ئاساسى يوق . چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى مەجبۇرلاپ پۈتكەن ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەچكە شۇنداق پۈتكەن. ئىنسان ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە نېمىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ توسقان ئىشلاردىن يېنىش لازىم.

بۇ توغرىلىق يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرىشىنى ئاللاھنىڭ خالىشىدىن بولغان، ئەگەر ئاللاھ خالىمىغان بولسا ھەرگىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق دەپ ھۆججەت كەلتۈرگەن.

بۇ توغرىلىق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿سَيَقُولُ الَّذِيْنَ أَشْرَكُوْا لَوْ شَاءَ اللهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلاَ آبَاؤُنَا وَلاَ حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتَّى ذَاقُوْا بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوْهُ لَنَا إِنْ تَتَّبِعُوْنَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ أَنْتُمْ إِلاَّ تَخْرُصُوْنَ قُلْ فَلِلَّهِ الْحُجَّةُ الْبَالِغَةُ فَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِيْنَ﴾

**تەرجىمىسى : ﴿مۇشرىكلار : ''ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق'' دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق ئىنكار قىلغانىدى. (ئۇلارغا)ئېيتقىنكى، ''سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە كۆرسىتىڭلار. سىلەر پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىسىلەر، پەقەت يالغاننى سۆزلەيسىزلەر'' (ئى مۇھەممەد ) ئېيتقىنكى، (سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) ئاللاھنىڭ يېتەرلىك پاكىتى بار. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ھەممىڭلارنى ، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى.﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 149 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ ھۆججىتى يېتەرلىك ھۆججەتتۇر. مۇشرىكلارنىڭ يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ھۆججىتى پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. مۇبادا ئۇلاردا تاللاش ھوقۇقى بولمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئازابلىمايتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى كاپىر بولۇشقا، مۇشرىك بولۇشقا ھەرگىز بۇيرۇمايدۇ. قانداقمۇ كۇفرىلىق ياكى شېرىكلىك سادىر بولۇشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا مېنى كاپىر بولۇشقا، مۇشرىك بولۇشقا بۇيرۇدى دەپ ئېيتقىلى بولسۇن. چۈنكى، تەقدىر دېگەن غەيب. ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇڭا مۇشرىكلار قالايمىقان بىلجىرلىمىسۇن!

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ ، وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ ، وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنِ

# ئىسلام دىنى زەھەرلىك چېكىملىكنى قەتئىي چەكلەيدۇ

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِيْ أَحَلَّ لِعِبَادِهِ الطَّيِّبَاتِ، وَأَدَرَّ عَلَيْهِمْ مِنْ أَصْنَافِ الْأَرْزَاقِ وَالْأَقْوَاتِ، وَحَرَّمَ عَلَيْهِمْ مَا يَكُوْنُ بِهِ ضَرَرٌ فِيْ أَبْدَانِهِمْ وَعُقُوْلِهِمْ وَأَدْيَانِهِمْ، وَأَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا، وَوَسِعَ كُلَّ شَيْءٍ رَحْمَةً وَحِكْمًا. وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰـهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ الْبَشِيْرُ النَّذِيْرُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ، وَمَنْ تَبِعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ.

أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

پۈتكۈل ئالەمنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى، چەكسىز نېمەت ۋە رىزىق بەرگۈچى جانابى ئاللاھ بۇ دۇنيادا جانلىقلار ئىچىدە ئىنساننى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قابىلىيەتلىك قىلىپ ياراتقان. ئەقلىي تەپەككۇرىمىزنى ئىشقا سېلىپ نەزەر سالىدىغان بولساق، ھېچ شەك ـ شۈبھىسىزكى، جانابى ئاللاھنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشىنىپ بىلەلەيمىز. بوۋاق ھالەتتە تۇغۇلۇپ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ تەربىيەلىشىدە چوڭ بولۇپ، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويىمىز. بۇ ۋاقىت ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ جۇشقۇن چاغلىرىدۇر.

ئادەمنىڭ ياشلىق دەۋرى ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا سۇنغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەي، بۇ ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ئەڭ چوڭ پۇشايمانغا قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ياشلارغا شۇنداق تەۋسىيەلەردە بولغان، «قېرىلىق يېتىشتىن بۇرۇن ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار». بۇ دەۋرىمىزگە ئىبادەت نەزىرىمىزدىن قارىغان ۋاقتىمىزدا، قىلغان ئىبادەت ۋە

قىلغان ساۋابلىق ئىشلار، ئىلىم ئۆگىنىش، باشقا دەۋرلەرگە قارىغاندا پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيا نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى بىخەتەر كاپالەتكە ئىرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان مىللەتلەر ياشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتى، تارىخى، سەنئىتىنى ئۆگىتىشكە كۈچ سەرپ قىلماقتا. ياشلار ساغلام بىر جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ داۋام ئەتكۈچى ئىز باسارلىرىدۇر. بىر مىللەتنىڭ قانچىلىك ساغلام، پاكىز بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەتتە يۈرۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ۋە خاتىرجەم ئۆتۈشىگە ۋاستە بولغان نەرسىلەرنى بۇيرۇغان، خەتەرلىك ۋە زىيانلىق بولغان نەسىلەرنى چەكلىگەن ياكى توسقان. ياراتقۇچىمىز جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ (2-سۇرە/ بەقەرە 195 - ئايەت)**

تىنچ، خاتىرجەم ياشاۋاتقان بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا زەھەرلىك ئىچىملىكلەر ۋە چېكىملىكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىش نىسبىتى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، مىللىتىمىز ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇش خەۋپىگە ئېلىپ بارماقتا. زەھەرلىك ماددىلار ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزنى خاتىرجەمسىزلىك ۋە ھەر خىل يامان ئىشلارغا دۇچار قىلماقتا. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ياشلىرىمىزدىكى مەنىۋى بوشلۇق، تەلىم-تەربىيە كەمچىللىكى، ئېتىقاد ئاجىزلىقى، ئائىلىسىدە ئىناقلىقنىڭ بولمىغانلىقى، ياشلارنىڭ مېڭىسىنى زەھەرلەيدىغان شەھۋانىي بۇيۇملار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق، ئەتراپىدىكى دوستلارنى ياخشى تاللىيالماسلىق قاتارلىقلار ياشلىرىمىزنىڭ زەھەرلىك ئىچىملىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىكى سەۋەبلەر ئىكەن.

بىز بىر جەمئىيەت ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ ھەقتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز، بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ پەقەتلا ھۆكۈمەت ۋە قانۇن ئورگانلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دېمەي، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكى دەپ، بۈيۈك ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئىلاھ قىلىپ تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش پەقەت شەيتاننىڭلا ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار ﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 90 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكى ”هاراق“ دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ”خەمرى“ دەپ ئېيتىلىدۇ ۋە ھوشسىزلاندۇرىدىغان بارلىق ئىچىملىك، چېكىملىكلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ بارلىق مەست قىلغۇچى زەھەرلىك چېكىملىك بۇيۇملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئەقىلسىزلاندۇرغۇچى ئامىل بولۇپ، ھەرقانداق ئەقىلسىزلاندۇرغۇچى نەرسە ھارام» دېگەن سۆزى ئىسپات بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز بۇ ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق ئادەمنى مەست قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئىچىشنىڭ، چېكىشنىڭ ھاراملىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ عُدْوَانًا وَظُلْمًا فَسَوْفَ نُصْلِيهِ نَارًا وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرًا ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 29 ـ ،30 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنى زەھەر چېكىشكە ۋە زەھەر سېتىشقا قارشى تۇرىدۇ. زەھەر مەسىلىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ قارشى روشەن، پوزىتسىيەسى قەتئىي بولۇپ، زەھەر دېمەك شەيتان دېمەكتۇر، ئۇ ھارامدۇر، زەھەر چېكىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. زەھەر چەككۈچىلەر، زەھەر ساتقۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ تەلىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن مۇقەررەر ھالدا ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمانلار زەھەردىن

يىراق بولۇپ، ھاياتنى قەدىرلىشى لازىم. زەھەرنى توسۇش، زەھەرگە قارشى تۇرۇش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مەسئۇلىيەتتۇر.

## 1. زەھەر چېكىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش، زەھەر سېتىش قاتىللىق دېمەكتۇر.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن چەكلەيدۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئىماننى يوقاتقانلىق، دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ اَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ تَرَدَّى مِنْ جَبَلٍ فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَهُوَ فِيْ نَارِ جَهَنَّمَ يَتَرَدَّى فِيْهِ خَالِدًا مُخَلَّدًا فِيْهَا اَبدًا. وَ مَنْ تَحَسَّى سَمًّا فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَسَمُّهُ فِيْ يَدِهِ يَتَحَسَّاهُ فِيْ نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدًا فِيْهَا اَبَدًا وَ مَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِحَدِيْدَةٍ فَحَدِيْدَتُهُ فِيْ يَدِهِ يَجِيْءُ بِهَا فِيْ بَطْنِهِ فِيْ نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدًا فِيْهَا اَبَدًا] (رواه البخارى)

**"كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ دوزاختا تاشلىنىپ، تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ ئىچىپ ئۆلگەن زەھىرىنى قولىدا تۇتۇپ دوزاختا ئۇنى سۈمۈرۈپ تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ. كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، تىغنى قولىدا تۇتۇپ دوزاختا ئۇنى قورسىقىغا سانجىغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ." (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناش دېگەنلەرنىڭ ئەڭ رەزىل، ناچار، پاسكىنا قىلىقلار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنىڭ پەقەت شەيتانغىلا خاس پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى، يامان نىيەتلىك شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى مۇشۇنداق رەزىل ئىشلارغا قىزىقتۇرۇپ، ئۆزئارا ئاداۋەت، دۈشمەنلىكلەرنى، زىددىيەتلەرنى سېلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئادەملەرنى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشمەكچى بولغىنىدا چوقۇم مۇشۇنداق شەيتاننىڭ داپ مۇزىكىلىرىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىقلاردىن، پەسكەشلىكلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوچۇق چۈشىنىۋالىمىز. لېكىن، بىزنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكى قىسقا ۋاقىتلىق،

خۇددى ئۆتەڭدەك تۇرمۇش يولىغا يېقىپ قويغان ھىدايەت چىراغلىرى شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق چاقناپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرى كور بولۇپ قالغان نۇرغۇن ياشلىرىمىز تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى يولنى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرمەكتە. ئىسلام دىنىمىزنىڭ قارىشىدا ئەڭ رەزىل، ئەڭ پەسكەش شەيتاننىڭ ئىشى دەپ قارالغان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ قەپىسىگە سولىنىپ ياتماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مۇسۇلمان ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىز ئارىسىغا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك رەزىل ئادەت كەڭ تارقىلىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن چوڭ ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەرنى، تولدۇرغۇسىز ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. ئېنىقلىنىشىچە، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى بولغان ياش-ئۆسمۈرلەر بولۇپ چىقتى. بۇ ئەھۋاللار ئۈمىدۋار ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ، كېلەچەك ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، ھارماي-تالماي تەر تۆكۈۋاتقان، كېچە-كۈندۈزلەپ تۇرمۇش غېمىمىزنى يەۋاتقان ئاكا-ھەدىلەرنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويدى. ئېتىقاد ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدىن باشقا ھەربىر ئېغىز سۆزى ئاشۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەربىر ئاياغ قەدىمىنى ئاشۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن باسىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى شۇ ئوغۇل-قىزلىرى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان سۆيۈملۈك، قەدىردان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرى ئۈچۈن تەلپۈنۈپ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە غەم-قايغۇ ياشلىرىنى باشلاپ كەلدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان قانچىلىك بەختلىك ئائىلىلەر ئاشۇ ئاق ئالۋاستىنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدا ۋەيران بولمىدى؟

جەمئىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، بىر قىسىم كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتالمىش ئاق ئالۋاستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدا ۋەيران بولدى.

زەھەرلىك چېكىملىك ئەپيۇن، خىروين، مورفىن، نەشە، كوكائىن قاتارلىق نەرسىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، بۇ نەرسىلەر پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپىنچە

ئەھۋاللاردا يوشۇرۇن ھالدا قارا نىيەتلەرنىڭ قولىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كىچىك، ئەرزىمەس شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى زەھەرلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا جاۋابكارلىققا تارتىلىشۇاتىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "مَا أَسْكَرَ كَثِيرُهُ فَقَلِيلُهُ حَرَامٌ"] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: مەست قىلىدىغانلىكى نەرسىلەر مەيلى كۆپ بولسۇن، ئاز بولسۇن ھەممىسى ھارامدۇر.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ أَبِي سَعِيدِ الْخُدَرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لاَ ضَرَرَ وَلاَ ضِرَارَ]

**”ئەبى سەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: ئۆزگىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك.“**

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» نىڭ روھىغا ئاساسەن، فىقھىي ئالىملار زەھەر چېكىشنى قاتتىق چەكلىگەن. «ئىلمى فىقھە» (تۆت چوڭ مەزھەبنىڭ ماقالىلار توپلىمى) دا ئېنىق كۆرستىلگەنكى: ”جىسمانىي ۋە ئەقلىي ساغلاملىققا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەممە زەھەرنى، جۇملىدىن ئەپيۇن، نەشە، كوكايىن ۋە زىيانلىق بولغان بارلىق مەست قىلغۇچى نەسىلەر ۋە زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ“. زەھەر چەككۈچىلەر زەھەرنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ، زەھەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان.

زەھەرلىك نەرسىلەرنى تېرىش، ياساش، سېتىش ئارقىلىق ئادەمنى زىشەھەرلەشكە قاتناشقانلار زەھەرنىڭ زىيىنىنى بىلمەيدىغانلار ئەمەس، لېكىن ئۇلار پايدىنى كۆرۈپ، ئىنسابنى ئۇنتۇغانلار ۋە بىلىپ تۇرۇپ قەستەن شۇنداق قىلغۇچىلاردۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان**

**بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزۇۋالسا ياكى هايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا) پۈتكۈل ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 32 ـ ئايەت).**

زەهەر چېكىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر، لېكىن ئۇنىڭ زىيانكەشلىكى ئاساسەن ئۆزىگە بولىدۇ؛ زەهەرلىك نەرسىلەرنى تېرىش، ياساش، سېتىش قاتارلىق قىلمىشلار ماهىيەتتە باشقىلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بولۇپ، ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت پۇل تېپىشتۇر. بۇ خىل قاتىللىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ هاياتىغا زامىن بولىدۇ، شۇڭا ئۇ قىرغىنچىلىقتۇر. خۇددى «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغاندەك: ” **پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنلىك**“ بولۇپ، كەچۈرگىسىز جىنايەتتۇر، قاتىللىق ئىسلام دىنىدا گۇناهى كەبىر (چوڭ گۇناھ) بولۇپ، بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ وَمَنْ يَتَّبِعْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ فَإِنَّهُ يَأْمُرُ بِالْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز ـ هەرىكەتلەر) گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 21 ـ ئايەت)**

زەهەر بولسا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قاتارلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر، زەهەرنىڭ زىيانداشلىقى «قۇرئان كەرىم» دە تەسۋىرلەنگەن شەيتاننىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش. زەهەر ساتقۇچىلار «زەهەرلىك ئىبلىس» قا ئەگەشكۈچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇلغا بولغان هېرىسمەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىمانىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇلار پايدا قوغلىشىپ، شەرىئەتنى ۋە دۆلەت قانۇنىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ، ئۇلار شەيتاننىڭ قول چوماقلىرى بولۇپ، ئىماندىن پەيدىنپەي ئازغانلاردۇر.

ئىسلام دىنىمىز يەنە شۇنداق قارايدۇكى، زەهەرلىك نەرسىلەرنى تېرىش، ياساش، سېتىشتىن تاپقان پۇلمۇ پاسكىنا بولۇپ، ئۇ پۇلنى تۇرمۇشقا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : إِنَّ اللهَ تَعَالَى طَيِّبٌ لاَ يَقْبَلُ إِلاَّ طَيِّبًا]

**”ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.“ (مۇسلىم توپلىغان)**

ئىسلام دىنى ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ھازىرقى دۇنيا ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا، ئۆزىنىڭ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشىنى تىرىشىپ روناق تاپقۇزۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ زىيىنى ھېسابىغا پايدا ئېلىش، قانۇنسىز ئۇسۇللار بىلەن ھارام پۇل تېپىش كويىدا بولۇشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ھارام پۇلنى ئائىلىنى قامداشقا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، سەدىقىغە ياكى ئاللاھ يولىغا، مەسىلەن: ھەج قىلىش، مەسجىت سېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر ئىشلىتىپ قالسا بىھۇدە چىقىم قىلغان بولۇپلا قالماي، تېخى جىنايى مەسئۇلىيەتتىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## 2. زەھەر چېكىش، زەھەر سېتىش دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

«ئەپيۇن ئۇرۇشى» دېگەن سۆز ھەممە كىشىگە ناھايىتى تونۇشلۇق. 19-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئەپيۇن زەھىرى جۇڭگودا 100 يىلدىن ئارتۇق خورلۇق پەيدا قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلققە چەكسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. مەملىكىتىمىز 1950-يىللاردا زەھەرنى مەنئىي قىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان زەھەرسىز دۆلەت دېگەن شان-شەرەپكە ئىگە بولغانىدى، بۇ بارلىق جۇڭگو خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان شەرەپلىك تارىختۇر. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بويان، زەھەر ئاپىتى مەملىكىتىمىزدە يەنە پەيدا بولدى، نەتىجىدە زەھەر چېكىش، زەھەر سېتىشتىن ئىبارەت ئاللىبۇرۇن تۈگىگەن بۇ قەبىھ ئەھۋال يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈردى ۋە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى بىر چوڭ ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى.

زەھەرنىڭ يامىرىشى يۈز مىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ ئىناقلىقى ۋە بەختىگە زامىن بولدى، چۈنكى، زەھەر چېكىش خۇمار تۇتىدىغان ھالەتكە يەتكەن ھامان، مال-بىساتىنى خانىۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئالتۇن تاغ بولسىمۇ خورىتىپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا زەھەر خۇمارىغا گىرىپتار بولغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئوقۇشىنى تاشلاپ، كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى

ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ، ئاخىرى قانۇننىڭ جازالىشىغا ئۇچرىدى. بەزى زەھەر چەككۈچىلەر خۇماردىن چىقىرىلىش ئۈچۈن، ھېچنىمىگە قارىماي مال ـ بىساتىنى سېتىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى كوچىلاردا زار ـ زار يىغلاپ يۈردى، ئاياللىرى ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ، ئىپپەت ـ نۇمۇسىنى ساتتى، مانا بۇلار زەھەر چېكىش كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەردۇر. زەھەر چېكىش كىشىلەرنى ئىرادىسىنى يوقىتىش، روھىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇش ھەتتا ھالاك بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ.

زەھەرنىڭ زىيانكەشلىكى دەل شۇنداق زور بولغانلىقى ئۈچۈن، زەھەر پەيدا بولغاندىن كېيىنلا، دۇنيا ئەللىرىنىڭ كەسكىن مەنئىي قىلىشىغا ئۇچرىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بېرى، زەھەرنىڭ يەر شارىدا يامراپ ئاپەتكە ئايلىنىشى ھەر قايسى ئەللەر ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1988 ـ يىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ زەھەرنىڭ زىيىنىغا قارىتا بىلدۈرگەن كۈچلۈك ئىنكاسىغا ئاساسەن، ھەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىنى ”خەلقئارالىق زەھەر چەكلەش كۈنى“ قىلىپ بېكىتتى. 1990 ـ يىلى ۋە 1999 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى زەھەر مەسىلىسى ھەققىدە ئىككى قېتىم ئالاھىدە يىغىن چاقىردى، جۇڭگو ۋە نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرى بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىنغا قاتناشتى، بۇ يىغىندا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ زەھەر چەكلەش كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى زەھەر چەكلەش تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قورۇلتىيىمۇ 1990 ـ يىلى زەھەر چەكلەش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى، مەملىكىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىمۇ زەھەر جىنايىتى ھەققىدە كەسكىن بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. ھازىر مەيلى خەلقئارادا ياكى دۆلىتىمىز ئىچىدە بولسۇن، زەھەر جىنايىتىگە زەربە بېرىش بارغانسېرى كۈچەيتىلىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە تەسىس قىلىنغان قانۇنلارمۇ بارغانسېرى قاتتىق بولۇۋاتىدۇ. بەزى ئىسلام ئەللىرىدە زەھەر جىنايىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پاش بولۇپ قالسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتىدۇ. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى زەھەر چەكلەش كۈرىشىگە پائال قاتنىشىپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ زەھەرلىك نەرسىلەرنى

تېرىش، ياساش، سېتىشقا زەربە بېرىش كۈرىشىنى قوللىشىمىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، زەھەر چەكلەش كۈرىشىگە تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

## 3. زەھەرنى توسۇش، زەھەر قارشى تۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى

ھەق سۇبھەنەۋۇ ۋەتەئەلا «قۇرئان كەرىم» دە بىزگە تەلىم بىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾**

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي سَعِيدِ الْخُدَرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : "مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ] (رواه مسلم)

**"سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكەتتى ئارقىلىق توسسۇن؛ ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن؛ بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن. بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» بىزنى يالغۇز ئۆزىمىزلا گۇناھتىن يىراق بولۇپ قالماستىن، بەلكى باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا يالغۇز ئۆزىمىزگىلا ياخشىلىق قىلىپ قالماستىن، باشقىلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىنىلا دەپ باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كاي بولمايدىغان كىشىلەردىن بولماي رەزىل كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان باتۇرلاردىن بولىشىمىز كېرەك.

بىز زەھەر ساتقۇچىلار، زەھەر چەككۈچىلەر ئارىسىدا مۇسۇلمان سالاھىيىتىدىكى كىشىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى ئېچىنغان ھالدا كۆرمەكتىمىز. زەھەر سېتىش، زەھەر چېكىش ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ؛ مىللەتلىكىمۇ، جەمىيەتكىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىغا داغ تەككۈزىدۇ؛ زەھەر

چىكمۇاتقانلارغا بىز چىن قەلبىمىزدىن شۇنداق نەسىھەت قىلىمىزكى، ”قايسى ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتى يوق؟ قايسى پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوق؟ ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى، پەرزەنتلەرنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغا سادالىرىنى، ياكى ئەر ـ خوتۇننىڭ باشقىلارنىڭ يۈزىگە قارىيالمايۋاتقان خىجالەتچىلىكلىرىنى ــ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى زەھەر چېكىش كەلتۈرۈپ چىقارمىدىمۇ؟ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىڭلار ئۈچۈن، ئائىلەڭلار ئۈچۈن زەھەر چېكىشنى تاشلاڭلار! يۈقىتىپ قويغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭلارنى تېپىۋېلىڭلار، يوقىتىپ قويىغان ئېتىقادىڭلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئىمان ھىدايىتىگە قايتىپ كېلىڭلار“. زەھەر سېتىۋاتقانلارنى بىز ھەقىقانىي سادايىمىز بىلەن شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمىزكى: ”ئەي ۋىجدانىنى يوقاتقان زەھەر ھايانكەشلىرى! جىنايى قىلمىشىڭلارنى توختىتىڭلار! ئۇنداق قىلمىساڭلار، قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايسىلەر، ئۆزۈڭلارنىمۇ، مال ـ بىساتىڭلارنىمۇ نابۇت قىلىسىلەر! ئەگەر يەنىلا يامان يولدىن يانمىساڭلار، پېشانەڭلەرگە پۈتۈلگەن تەقدىردىن قۇتۇلالمايسىلەر، قانۇن سىلەرگە ئۆلۈم سىگنالى چالىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاخ سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلار بولىدۇ.“

ئەھلى جامائەت! بۇ جەھەتتە بىز سىلەرگە نەسىھەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە زەھەر سېتىش، زەھەر چېكىش جىنايىتىنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمىلى ھەرىكىتى ئارقىلىق چەكلىشىمىز لازىم. زەھەر كاساپىتىدىن قانچىلىغان مۇسۇلمان ئائىلىلىرى ۋەيران بولدى؛ قانچىلىغان يېتىم ـ يېسىر، تۇل خوتۇنلار زارلىنىۋاتىدۇ؛ بۇ پاجىئەلىك ئەمەلىيەت ئالدىدا، بىز مۇسۇلمانلار ئاڭلىساقمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ، كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بىر چەتتە قول قۇۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولامدۇ! زەھەر چېكىپ، زەھەر سېتىپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىنى بۇلغىغان مۇناپىقلارنى ھەرگىز ئۆز مەيلىگە قۇيۇۋەتمەسلىكىمىز، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۇلارنى قۇتقۇزىشىمىز، بۇ يولدىن يېنىشنى خالىمىغان مۇناپىقلارغا قانۇن قۇرالىغا تايىنىپ قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلىش يالغۇز ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭلا ئىززەت ـ ئىكرامىنى قوغداش ئۈچۈن بولۇپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتنى زەھەرنىڭ چىرىتىشىغا ئۇچراشتىن ساقلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ

يېتىلىشىنى ياخشى، مەدەنىي ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر، دېمەك، زەھەرنى توسۇش، زەھەرگە قارشى تۇرۇش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. بۇ ئەمەلنى ئادا قىلساق، بۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ، ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش قىلغان بولىمىز-دە، ئۇنىڭ ساۋابى ناھايىتى زور بولىدۇ.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دەيدۇ:

﴿مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزۇۋالسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا) پۈتكۈل ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ﴾ (5 ـ سۈرە/ مائىدە 32 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ھەر تۈرلۈك زەھەرلەرنىڭ ھالاكىتىدىن ساقلىسۇن، ھەممىمىزنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىككىلا ئالەمنىڭ بەخت-سائادىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن، ئامىن!

# ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى - روزا

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي خَصَّ شَهْرَ رَمَضَانَ بِالْفَضْلِ وَ الْاِحْسَانِ ، وَجَعَلَهُ مَوْسِمًا لِنَيْلِ الْعَفْوِ وَ الْغُفْرَانِ، أَنْزَلَ فِيْهِ الْقُرْآنَ هُدًا لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ، أَحْمَدُهُ عَلَى نِعَمِهِ الَّتِيْ لاَ تَزَالُ تَتَوَلَّى عَلَى الْعِبَادِ فِي كُلِّ زَمَانٍ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ أَوْجَبَ عَلَى الْعِبَادِ صَوْمَ شَهْرِ رَمَضَانَ، لِيُضَاعِفَ لَهُمُ الْأُجُورَ وَيَغْفِرَ الذُّنُوبَ والْعِصْيَانَ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ كَانَ يَخُصُّ شَهْرَ رَمَضَانَ بِمَزِيْدِ طَاعَاتٍ مِنْ صَلاَةٍ وَتِلاَوَةِ قُرْآنٍ وَصَدَقَةٍ وَاِحْسَانٍ، صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ مَا تَعَاقَبَتِ الشُّهُورُ وَ تَوَالَتِ الْأَزْمَانُ وَ سَلَّمَ تَسْلِيْمًا كَثِيْرًا .

أَمَّا بَعْدُ :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

بۈگۈن ھەممىمىزگە سايە تاشلاپ كېلىۋاتقان، ئىشىكلىرىمىزنى چېكىش ئالدىدا تۇرغان مۇبارەك مېھمان، سېخى ئەلچىدىن خۇش بېشارەت بېرىمىز. بۇ دەل ئاللاھ بىزگە پەرز قىلغان رامىزان روزىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئى مۆمىنلەر (گۇناھلىرىڭلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾ (2 ـ سۈرە/ بەقەرە 183 ـ ئايەت)**

[عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: بُنِيَ الْإِسْلاَمُ عَلَى خَمْسٍ شَهَادَةِ أَنْ لاَ إِلٰـهَ إِلاَّ اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ وَإِقَامِ الصَّلاَةِ وَإِيْتَاءِ الزَّكَاةِ وَحَجِّ الْبَيْتِ وَصَوْمِ رَمَضَانَ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

”ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان؛ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.“

[عَنْ طَلْحَةَ بْنِ عُبَيْدِ اللّٰهِ يَقُوْلُ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ أَهْلِ نَجْدٍ ثَائِرَ الرَّأْسِ نَسْمَعُ دُوِيَّ صَوْتِهِ وَلاَ نَفْقَهُ مَا يَقُولُ حَتَّى دَنَا فَإِذَا هُوَ يَسْأَلُ عَنِ الإِسْلاَمِ فَقَالَ لَهُ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَمْسُ صَلَوَاتٍ فِيْ الْيَوْمِ وَاللَّيْلَةِ قَالَ هَلْ عَلَيَّ غَيْرُهُنَّ قَالَ لاَ إِلاَّ أَنْ تَطَوَّعَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَصِيَامُ شَهْرِ رَمَضَانَ قَالَ هَلْ عَلَيَّ غَيْرُهُ قَالَ لاَ إِلاَّ أَنْ تَطَوَّعَ قَالَ وَذَكَرَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الزَّكَاةَ فَقَالَ هَلْ عَلَيَّ غَيْرُهَا قَالَ لاَ إِلاَّ أَنْ تَطَوَّعَ قَالَ فَأَدْبَرَ الرَّجُلُ وَهُوَ يَقُولُ وَاللّٰهِ لاَ أَزِيْدُ عَلَى هَذَا وَلاَ أَنْقُصُ مِنْهُ فَقَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَفْلَحَ الرَّجُلُ إِنْ صَدَقَ] (مُتَفَّقٌ عَلَيْهِ)

”تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: نەجدە ئەھلىدىن چاچلىرى چۇۋۇق بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، بىز ئۇنىڭ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدۇق، يېقىن كېلىۋىدى، قۇلاق سالساق ئۇ ئىسلامدىن سوئال سوراۋېتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىسلام دېگەن بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشتۇر دېدى، ئۇ كىشى مەن ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسام بولامدۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەپلە قىلساڭ بولىدۇ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دېگەن رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتۇر دېدى، ئۇ كىشى بۇنىڭدىن باشقا روزا بارمۇ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەپلە قىلساڭ بولىدۇ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە زاكاتنى تىلغا ئالدى، ئۇ كىشى بۇنىڭ غەيرىسىمۇ بارمۇ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەپلە قىلساڭ بولىدۇ دېدى، ئاندىن ئۇ كىشى مەن بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، كەممۇ قىلمايمەن دېگىنىچە بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر مۇشۇ كىشى راستلا دېگەن بولسا نىجاتلىققا ئېرىشتى دېدى.“

دېمەك، يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن بىز روزىنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا پەرز ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. رامىزان روزىسى ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى

يىلى مەدىنىدە پەرز بولغان. روزانى ئەرەب تىلىدا ”صَـوْمٌ“ دەپ ئاتايدۇ. ”صَـوْمٌ“ نىڭ لۇغەت مەنىسى ”تۇتماق، ساقلاش، توختىماق“ دېگەن مەنىلەردە، روزا ـ دېگەن سۆز ئەسلىي پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ”كۈن“ دېگەن بولىدۇ.

روزا يەنى ”صَـوْمٌ“ نىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى بولسا ”مۇسۇلمانلارنىڭ تاڭ سەھەردىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەكتىن، ئەر ـ ئايال بىرگە بولۇشتىن ئۆزىنى بىر كۈن تۇتۇۋالماق“ دېگەن مەنىدە.

ئاللاھ تائالا روزا تۇتقان كىشىگە كاتتا ئەجىر مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ.

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اللهُ كُلُّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ لَهُ إِلَّا الصِّيَامَ فَإِنَّهُ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ وَالصِّيَامُ جُنَّةٌ وَإِذَا كَانَ يَوْمُ صَوْمِ أَحَدِكُمْ فَلَا يَرْفُثْ وَلَا يَصْخَبْ فَإِنْ سَابَّهُ أَحَدٌ أَوْ قَاتَلَهُ فَلْيَقُلْ إِنِّي امْرُؤٌ صَائِمٌ وَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ لَخُلُوفُ فَمِ الصَّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ لِلصَّائِمِ فَرْحَتَانِ يَفْرَحُهُمَا إِذَا أَفْطَرَ فَرِحَ وَإِذَا لَقِيَ رَبَّهُ فَرِحَ بِصَوْمِهِ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

”ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئاللاھ مۇنداق دېدى: ئادەم بالىسىنىڭ بارلىق قىلغان ئەملى ئۆزى ئۈچۈن، پەقەت روزا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ھەقىقەتەن روزا مېنىڭ، مەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن، روزا قالقاندۇر. ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلار روزىدار بولسا، ئېغىزىنى بۇزمىسۇن، غەۋغا كۆتۈرمىسۇن، ئەگەر ئۇنى بىرى تىللىسا ياكى ئۇرۇشۇپ قالسا ‹مەن روزىدار› دېسۇن، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئەلۋەتتە روزىدار كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىپارنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇش پۇراقتۇر. روزىدارنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئىپتار قىلغان چاغدا ، يەنە بىرى ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقاندا تۇتقان روزىسىدىن خۇرسەن بولۇشىدۇر.“

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇبارەك ئايغا يېتىشىگە ئاللاھ تائالاغا داۋاملىق دۇئا قىلاتتى.

[عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اِنَّ النَّبِيَّ عَلَيْهِ السَّلَامُ كَانَ يَدْعُو بِبُلُوغِ رَمَضَانَ فَكَانَ اِذَا دَخَلَ شَهْرُ رَجَبَ قَالَ : اللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِي رَجَبَ وَ شَعْبَانَ وَ بَلِّغْنَا رَمَضَانَ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ و الطَّبَرَانِي فِي الْأَوْسَطِ)

**"ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزانغا يېتىشكە داۋاملىق ئاللاھتىن تىلەپ دۇئا قىلاتتى، رەجەپ ئېيى كىرسە ئى ئاللاھ، بىز ئۇچۇن رەجەپ ئېيىدا، شەئبان ئېيىدا بەرىكەت بەرگىن بىزنى رامىزانغا يەتكۈزگىن."**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى كۈنلىرىدىكى خۇتبىلىرى ئاساسەن، ئىنسانلار ئۇچۇن ھىدايەت ۋە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى بۇ مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قەدىرلەپ، قىلغان ئەمەللەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدىغان، گەدەنلەرنى دەۋزەختىن ئازاد قىلىنىۋالىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت يېتىپ كەلگەنلىكى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىش بولاتتى.

[عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِيِّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ : خَطَبَنَا رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي آخِرِ يَوْمٍ مِنْ شَعْبَانَ فَقَالَ أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ أَظَلَّكُمْ شَهْرٌ عَظِيْمٌ شَهْرٌ مُبَارَكٌ شَهْرٌ فِيْهِ لَيْلَةٌ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ جَعَلَ اللّٰهُ صِيَامَهُ فَرِيضَةً وَقِيَامَ لَيْلِهِ تَطَوُّعًا مَنْ تَقَرَّبَ فِيهِ بِخِصْلَةٍ مِنَ الْخَيْرِ كَانَ كَمَنْ أَدَّى فَرِيْضَةً فِيمَا سِوَاهُ وَمَنْ أَدَّى فِيْهِ فَرِيضَةً كَانَ كَمَنْ أَدَّى سَبْعِينَ فَرِيضَةً فِيمَا سِوَاهُ وَهُوَ شَهْرُ الصَّبْرِ وَالصَّبْرُ ثَوَابُهُ الْجَنَّةُ وَشَهْرُ الْمُوَاسَاةِ وَشَهْرٌ يَزْدَادُ فِيْهِ رِزْقُ الْمُؤْمِنِ مَنْ فَطَرَ فِيهِ صَائِمًا كَانَ مَغْفِرَةً لِذُنُوبِهِ وَعَتَقَ رَقَبَتَهُ مِنَ النَّارِ وَكَانَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِهِ مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْتَقِصَ مِنْ أَجْرِهِ شَيْءٌ] (رَوَاهُ ابْنُ خُزَيْمَةَ وَ الْبَيْهَقِيُّ)

**"سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېدى : بىزگە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈندە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئەي ئىنسانلار! سىلەرگە مۇبارەك بىر ئاي سايە تاشلاپ كەلدى. ئۇ ئايدا مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسى بار. ئاللاھ ئۇنىڭ روزىسىنى پەرز قىلدى. ئۇنىڭ كېچىلىرىدە ناماز ئوقۇشنى نەپلە قىلدى، كىمكى بۇ ئايدا بىر ياخشى خىسلەت بىلەن ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەيدىكەن، بۇنداق كىشى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا پەرز ئادا قىلغان ئادەملەرگە ئوخشاش پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ئايدا بىر پەرز ئەمەلنى ئادا قىلىدىكەن بۇ ئايدىن باشقا ۋاقىتتا يەتمىش پەرز ئادا قىلغان كىشىگە ئوخشاش پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ، بۇ سەبىر ئېيىدۇر. سەبىر قىلىشنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. بۇ باراۋەرلىك ئېيىدۇر. بۇ ئايدا مۇئمىنلەرنىڭ رىزقى زىيادە قىلىپ بېرىلىدۇ، قانداق بىر كىشى بۇ ئايدا بىر روزىدارنى ئىپتار**

**قىلدۇرىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت، دوزاختىن گەردىنىنى ئازاد قىلىنىشى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىپتار قىلدۇرغۇچىلارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ، لېكىن ئىپتار قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىدىنمۇ ھېچ نەرسە كەم بولمايدۇ.“**

ئاللاھقا ئىشەنگەن، قىيامەتنى تەستىق قىلىدىغان مۆمىنلەرگە رامىزان ئېيىدا ئاللاھ تائالا پەزلى مەرھەمىتىنى تېخىمۇ كەڭ قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار! پۇختا تەييارلىق بىلەن بۇ بەرىكەتلىك ئاينى كۈتۈۋالايلى، ئاللاھتىن نىجاتلىق تىلەيلى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ، تۇتقان روزىلىرىمىزنىڭ، ئوقۇغان نامازلىرىمىزنىڭ ئاللاھ ئالدىدا مەقبۇل بولىشىغا، گۇناھلىرىمىزنىڭ مەغپىرەت بولىشىغا كۆپ دۇئا قىلايلى! كۆڭلىرىمىزنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزەيلى! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ ئاي ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان، پايدا ئالىدىغان، قەتئىي زىيان تارتىشقا بولمايدىغان، ئاللاھنىڭ قىممەتلىك، بىباھا جەننىتىگە ئېرىشىدىغان تېپىلماس ياخشى پۇرسەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاينى غەپلەت بىلەن، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن زايا قىلىۋەتمەڭلار!

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ دَخَلَ رَمَضَانُ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ : إِنَّ هَذَا الشَّهْرَ قَدْ حَضَرَكُمْ وَ فِيهِ لَيْلَةٌ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ، مَنْ حَرَمَهَا فَقَدْ حَرَمَ الْخَيْرَ كُلَّهُ وَلاَ يُحْرَمُ خَيْرَهَا اِلاَّ مَحْرُومٌ] (أَخْرَجَهُ اِبْنُ مَاجَةَ)

**”ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېدى : رامىزان ئېيى كىرسە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: بۇ رامىزان ئېيى سىلەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ ئايدا مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان بىر كېچە بار، كىمكى بۇ كېچىدىن مەھرۇم قالىدىكەن، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن پەقەت مەھرۇم قالغۇچىلار مەھرۇم قالىدۇ.“**

بۇ رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالا بىز مۆمىنلەرنى ئاللاھقا باغلانغان، گۇناھ مەسىيەتتىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئاچقان بىر ئايلىق كۇرۇستۇر. ئاللاھ بۇ ئايدا بارلىق گۇناھ ـ مەئسىيەت يوللىرىنى ئېتىپ تاشلىدى، ھەقىقىي تەقۋادارلىققا يېتىشنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى كۆرسەتتى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ :

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**تەرجىمىسى : ﴿ئى مۆمىنلەر (گۇناھلىرىڭلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 153 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : إِذَا دَخَلَ شَهْرُ رَمَضَانَ فُتِحَتْ أَبْوَابُ الْجَنَّةِ وَ غُلِّقَتْ أَبْوَابُ جَهَنَّمَ وَ سُلْسِلَتِ الشَّيَاطِيْنُ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : قاچان رامىزان ئېيى كىرسە جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلار باغلىنىدۇ."**

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا صُمْتَ فَلْيَصُمْ سَمْعُكَ وَبَصَرُكَ وَلِسَانُكَ عَنِ الْكِذْبِ وَالْمَآثِمِ، وَدَعْ أَذَى الْخَادِمِ ، وَلْيَكُنْ عَلَيْكَ وَقَارٌ وَسَكِيْنَةٌ يَوْمَ صِيَامِكَ ، وَلاَ تَجْعَلْ يَوْمَ فِطْرِكَ ، وَيَوْمَ صِيَامِكَ سَوَاءً] (أَخْرَجَهُ ابْنُ أَبِيْ شَيْبَةَ)

**"جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئەگەر روزا تۇتساڭ قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ ۋە تىلىڭمۇ يالغان سۆزلەشتىن، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن روزا تۇتسۇن، خىزمەتكارىڭغا ئازار بېرىشنى تاشلىغىن، روزا تۇتقان كۈنلىرىڭدە سەندە ئېغىر بېسىقلىق، سالماقلىق بولسۇن، روزا كۈنىڭ بىلەن روزىسىز كۈنىڭ ئوخشاش بولۇپ قالمىسۇن."**

ئۇنداقتا بۇ ئايدىكى ئەڭ ئەۋزەل، ساۋابى كاتتا بولغان ئەمەللەر قايسىلار؟

ئەلۋەتتە بۇ ئاي ئاللاھنىڭ كالامى «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان ئايدۇر. شۇڭا، بۇ ئاينى روزا بىلەن ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم» نى كۆپرەك تىلاۋەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ﴾

**تەرجىمىسى : ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا**

**يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر﴾ (2ـ سۈرە / بەقەرە 185ـ ئايەت)**

شۇنداقلا بۇ ئاينىڭ كېچىلىرى ئوقۇلىدىغان تەراۋىھ نامازلىرىغا تولۇق قاتنىشىشىمىز كېرەك. تەراۋىھ نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ عَلَيْهِ السَّلاَمُ : مَنْ قَامَ رَمَضَانَ اِيْمَانًا وَ احْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ، وَ مَنْ قَامَ لَيْلَةَ الْقَدْرِ اِيْمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: كىمكى رامىزان ئېيىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە قانداق بىر ئادەم قەدىر كېچىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ناماز بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ."**

بۇ ئايدا يەنە دۇئانى كۆپ قىلىش، ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىش ناھايىتى پەزىلەتلىكتۇر. چۈنكى؛ رامىزان پەرز قىلىنغانلىق ھەققىدىكى ئايەتلەردىن كېيىنلا ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوْا لِيْ وَلِيُؤْمِنُوا بِيْ لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن﴾ (2ـ سۈرە / بەقەر 186ـ ئايەت)**

بىر ئاي سوزۇلغان بۇ تەقۋالىق كۇرۇسى بىزنى ئۆزىنىڭ مۇشۇنىڭدەك ئېسىل دەرسلىرى بىلەن تەربىيەلەپ بىزنى كېيىنكى ئۆمرىمىزدە ياخشى ئىش قىلغۇچى ،تەقۋادار مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرۇپ ،ئىككى دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇ بىزنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن تەربىيەلەيدۇ .

‹1› ئەمەللەردە ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش كېرەك. چۈنكى روزا بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى سىردۇر. بەندە ئىخلاسى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تائامنى، ئىچىملىكنى، شەھۋىتىنى تەرك ئېتىدۇ. بۇنى ئاللاھتىن باشقا

ھېچكىم قاراپلا بىلەلمەيدۇ. بۇ ئىخلاس ئۇنىڭ باشقا ئەمەللىرىدىمۇ ئىخلاس قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

‹2› رامىزان بىزگە سەۋرىنى ئۆگىتىدۇ. سەبىر قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر، ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلارغا قىيامەت كۈنىدە تولۇق مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

قال الله تعالى: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُوْنَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾

**تەرجىمىسى : ﴿ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 10 ـ ئايەت)**

‹3› رامىزان بىزگە ئېسىل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئەخلاق جەھەتتە تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، سەت گەپ، غەيۋەت شىكايەت، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىقتىن تازىلاپ، سەبىرچان، ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ .

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : مَنْ لَمْ يَدَعْ قَوْلَ الزُّوْرِ وَالْعَمَلَ بِهِ فَلَيْسَ لِلّٰهِ حَاجَةٌ اَنْ يَدَعَ طَعَامَهُ وَشَرَابَهُ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: قانداق بىر كىشى يالغان سۆزنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تاشلىمايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ تامىقىنى، شارابىنى تاشلىغانلىقىغا ھاجىتى يوق.“**

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ عَلَيهِ السَّلاَمُ : وَإِذَا كَانَ يَوْمُ صَوْمِ أَحَدِكُمْ فَلاَ يَرْفُثْ وَ لاَيَصْخَبْ فَإِنْ سَابَّهُ أَحَدٌ أَوْ قَاتَلَهُ فَلْيَقُلْ إِنِّي امْرَأٌ صَائِمٌ ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزىدار بولسا ، ئېغىزىنى بۇزمىسۇن ، غەۋغا كۆتۈرمىسۇن ، ئەگەر ئۇنى بىرى تىللىسا ياكى ئۇرۇشۇپ قالسا ‹مەن روزىدار› دېسۇن .“**

تېخىچە تاماكىنى تاشلىيالمايۋاتقان، ھاراقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان، گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەيۋاتقان بەندىلەر، بۇ مۇبارەك ئايدا گۇناھلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىڭ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭ، گەدىنىڭىزنى دوزاختىن ئازاد قىلىڭ، قېنى پەرزەنتىنى سالىھ پەرزەنت ،ئاللاھنى ھەققىي تونۇيدىغان پەرزەنت قىلىش ئىستىكىدىكى ئاتا ـ ئانىلار كېلىڭ، ئاللاھنىڭ بۇ مەكتىپىدە

بالىلىرىڭىزنى تەربىيەلىۋېلىش مەقسىتىگە يېتىۋېلىڭلار! بۇ مەكتەپنى غەلىبىلىك پۈتكۈزگەن كىشىنىڭ مۇكاپاتى ئىلگىرى قىلىنغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېلىشتۇر. پەقەت روزىدار كىشىلەرلا ”رەييان“ دېگەن جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن كىرەلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئۆزى بىۋاستە بېرىدۇ.

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ عَلَيْهِ السَّلاَمُ : مَنْ صَامَ رَمَضَانَ اِيْمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: قانداق بىر كىشى ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.“**

[عَنْ سَهْلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : إِنَّ فِي الْجَنَّةِ بَابًا يُقَالُ لَهُ الرَّيَّانُ يَدْخُلُ مِنْهُ الصَّائِمُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لاَ يَدْخُلُ مِنْهُ أَحَدٌ غَيْرُهُمْ يُقَالُ أَيْنَ الصَّائِمُونَ فَيَقُومُونَ لاَ يَدْخُلُ مِنْهُ أَحَدٌ غَيْرُهُمْ فَإِذَا دَخَلُوا أُغْلِقَ فَلَمْ يَدْخُلْ مِنْهُ أَحَدٌ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر ئىشىك بار، ئۇنى رەييان دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىدە روزىدار كىشىلەرلا كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. ئۇلار قىيامەتتە، روزىدارلار قېنى؟ دەپ چاقىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ، ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ رەييان دېگەن ئىشىك تاقىۋېتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىشىكتىن بىرمۇ ئادەم كىرەلمەيدۇ.“**

## رامىزان ئېيىنىڭ كىرىشى

روزا تۇتۇش ھەر يىلى ھىجرىيە كالىندار بويىچە رامىزان ئېيى (ھىجرىيە 9 ـ ئاي) نىڭ ھىلال ئېيى كۆرۈنۈشى بىلەن باشلىنىپ، شەۋۋال ئېيى (ھىجرىيە 10 ـ ئاي) نىڭ ھىلالىنى كۆرۈش بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ عَلَيْهِ السَّلاَمُ : صُومُوا لِرُؤْيَتِهِ وَأَفْطِرُوا لِرُؤْيَتِهِ ، فَإِنْ غُبِيَ عَلَيْكُمْ الشَّهْرُ فَأَكْمِلُوا عِدَّةَ شَعْبَانَ ثَلاَثِيْنَ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : سىلەر ھىلال ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشنى**

**باشلاڭلار، ھىلال ئاينى كۆرۈپ روزاڭلارنى ئېچىڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا شەئبان ئېيى (8 ـ ئاي) نىڭ ئىددىتىنى 30 كۈن تولدۇرۇڭلار.“**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، يەنى ھاۋا ئۇچۇق بولۇپ، ھىلال ئاينى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولغاندا، ئاي كۆرۈپ رامىزاننىڭ كىرگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا، شەئباننى 30 كۈنگە تولدۇرۇپ رامىزاننى باشلاش. شۇڭا، مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىنىڭ ھىلالىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىشى، ھىلال ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشى كېرەك. بۇ ھاۋا ئۇچۇق كۈنگە ئۇدۇل كەلسە، روزا تۇتۇش ئۈچۈن چوقۇم بىر قانچىلىغان كىشىنىڭ ھىلال ئاينى كۆرگەنلىكى ئىسپاتلىنىشى كېرەك. ھاۋا تۇتۇق كۈندە بولسا، ھەققىي ئىشەنچلىك بىر كىشى ھىلال ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە بولىدۇ. دېمەك، رامىزان ئېيىنىڭ ھىلالىنى كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. شۇنداقلا شەئبان ئېيىنىڭ قاچان كىرگەنلىكىگە دىققەت قىلىشى، بۇ ئارقىلىق شەئباننى 30 كۈنگە تولدۇرۇشقا توغرا كەلسە، شەئباننى توغرا ھېسابلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ

سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ

# ئىسلام دىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان دىن

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ «تاھا» سۈرىسىدە ﴿وَقُلْ رَبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 114 ـ ئايەت) **﴿«ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴾** دېدى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلىمنىڭ ئېشىشىنى تەلەپ قىلىپ تىلەيدىغان دۇئانى تەلقىن قىلىپ ئۆگەتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا دىنىي ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار ئەقىل ئىشلىتەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، بىلەلەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنى ئەقىل ئىشلىتىش، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان بىر دىن. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى بىر ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ ئىش بىلەن تونۇشچانلىقى ئېشىشى ئۈچۈن، كائىناتتىكى رىياللىقلاردىن خەۋەردار بولغان، ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتلەرنى نەزەرگە ئالغان ھالدا شۇ ئىشنى ياخشى ئويلاشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە ئىبادەتلىرى توغرىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشكە، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا، ئۆزئارا مۇئامىلىدە ياخشى بولۇشقا، ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ تىجارەت، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىپ ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئورنىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دېدى: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِى الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لاَ يَعْلَمُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟»﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 9 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾ (58 ـ سۈرە / مۇجادەلە 11 ـ ئايەت)**

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلىرىگە نەزەر سالغان كىشى، بۇ ئايەتلەردىن ئىسلام دىنىدا ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىلىدىغانلىقى، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

قَالَ تَعَالَى: ﴿ اِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِى خَلَقَ خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ اِقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ اَلَّذِى عَلَّمَ

بِالْقَلَمِ عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَالَمْ يَعْلَمْ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾**

قَالَ تَعَالَى: ﴿ نٓ وَالْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُونَ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿نۇن (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ). قەلەم بىلەن ۋە قەلەم تۇتقانلار يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى﴾ (68 ـ سۈرە / قەلەم 1 ـ ئايەت)**

«قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىلىمدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان پايدىلىق ئىلىملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، قاتناش ـ ئۇل مۇئەسسە قۇرۇلۇشلىرى، ئۇچۇر ـ ئالاقە سىستىمىلىرىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنى يوقىرى كۆتۈرىدىغان، دۇنيا ئىلىملىرىمۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ھۈنەر ـ كەسپلەرنى ئۆگىنىشمۇ ئاشۇ ئىلىم ئۆگىنىش قاتارىدىغا كىرىدۇ.

ئەقىلنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدىغان، قەلبنى ئاللاھقا تېخىمۇ ئىتائەتچان قىلىدىغان دىنىي ئىلىملار مۇسۇلمانلار بىلىشى لازىم بولغان ئالدىنقى ئىلىمدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

[مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْمًا، سَهَّلَ اللهُ لَهُ طَرِيقًا اِلَى الْجَنَّةِ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"كىمكى ئىلىم ئېلىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: [مَنْ خَرَجَ فِي طَلَبَ الْعِلْمِ فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللهِ حَتَّى يَرْجِعَ] (رواه الترمذي)

**"كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىدا سەپەرگە چىقسا، تاكى قايتىپ كەلگۈچە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ." (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنپەئەتى يېتىپ تۇرىدىغان ئىلىمنى ئىلىم ئىگىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ توختاپ قالمايدىغان ئەمەللەر قاتارىدا قىلدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

رىۋايەت قىلىنىدۇ: [إِذَا مَاتَ الْعَبْدُ اِنْقَطَعَ عَمَلُهُ إِلاَّ مِنْ ثَلاَثٍ: صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ أَوْ عِلْمٍ يَنْتَفِعُ بِهِ أَوْ وَلَدٍ صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ] (رواه مسلم)

**”ئەگەر بىر بەندە ئۆلسە ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى توختايدۇ، پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمەلنىڭ ساۋابى توختىمايدۇ: بىرىنچىسى، ساۋابى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە (مەسجىد ۋە مەدرىسە سالغانغا ئوخشاش)؛ ئىككىنچىسى، ئەلگە پايدىلىق ئىلىم (باشقىلارغا ئۆگىتىلگەن ئىلىم ۋە يېزىلغان ئەسەر)؛ ئۈچىنچىسى، ئارقىسىدىن ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئىلىمنى نام ـ شۆھرەتكە ئېرىشىشنىڭ، كىشىلەرگە ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىشنىڭ، ئەمەلدارلارغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماسلىق لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: [مَنْ تَعَلَّمَ عِلْمًا مِمَّا يُبْتَغَى بِهِ وَجْهُ اللهِ عَزَّ وَجَلَّ لاَ يَتَعَلَّمُهُ اِلاَّ لِيُصِيبَ بِهِ غَرَضًا مِنَ الدُّنْيَا لَمْ يَجِدْ عَرْفَ الْجَنَّةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ] (رواه أبو دارد)

**”كىمكى ئاللاھ ـ تائالا رىزالىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق بىرەر غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

شۇڭا ئىلىمنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە سەمىيمىلىك ۋە ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش لازىم.

ئىلىم ئۆگەنگەن ئىكەنمىز ئىلىمنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشىمىز، بولۇپمۇ دىنى ئىشلاردا باشقىلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى سەۋرچانلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىتىشىمىز لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

[مَنْ سُئِلَ عَنْ عِلْمٍ فَكَتَمَهُ : أَلْجَمَهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِلِجَامٍ مِنْ نَارٍ] (رواه أبو داود والترمذى)

**”كىمدىن بىرەر ئىلىم ھەققىدە سورالسا، ئۇ ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سالىدۇ.“ (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

شۇنداقلا ئىسلام دىنى شەرىئىتى مۇسۇلمانلارنى پال سېلىش، سېھىرگەرلىككە ئوخشاش زىيانلىق، ئالدامچىلىق، مەنپەت بەرمەيدىغان يامان ئىش ۋە يامان كەسپلەرنى ئۆگىنىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

رىۋايەت قىلىنىدۇ:

[مَنِ اقْتَبَسَ عِلْمًا مِنَ النُّجُومِ، اقْتَبَسَ شُعْبَةً مِنَ السِّحْرِ زَادَ مَا زَادَ] (رواه أبو داود)

**”كىمكى يۇلتۇزغا قاراپ پال ئېچىشتىن ئىبارەت مۇنەججىملىكتىن بىرنەرسە ئۆگەنسە، سېھىرگەرلىكتىن بىر شاخچە ئۆگەنگەن بولىدۇ، مۇنەججىملىكنى قانچە ئۆگەنسە سېھىرگەرلىكمۇ ئېشىپ بارىدۇ.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

بۇ يەردىكى مۇنەججىملىك ئاسترونومىيە ئىلمىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ يۇلتۇز ۋە پىلانىتلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرىش دەۋاسىنى قىلىدىغان چەكلەنگەن ئىش، بۇ ئىش ۋە پالچىلىق سېھىرگەرلىككە كىرىدۇ. سېھىرگەرلىك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن.

شۇڭا توغرا ئىلىم ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول، چۈنكى ئۇ مىللەتنىڭ شان-شەرەپكە ئىگە بولىشى، ئىززەت-ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈرىشى، بەختلىك، باياشات ياشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن خار بولغانلىقى، باي ۋە كۈچلۈك بولغاندىن كېيىن ئەڭ نامرات بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ پايدىلىق ئىلىمگە سەل قاراپ، ئازغۇنلۇق، باتىل، خۇراپات قاتارلىق ئىشلارغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بىز تۇرمۇشىمىزدا ئىلىمدىن ئەسلا بىھاجەت بولالمايمىز، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنسىرى ئىلىمنىڭ مەنپەئەتى نامايەن بولۇشقا باشلايدۇ. مۇسۇلمان نامازنىڭ قەبىھ سۆز-ھەرىكەت، يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقىنى بىلسە مۇسۇلمانغا قايسى مەنپەئەت يېتىدۇ؟ ئەلۋەتتە نامازنىڭ ئىككى يامان ئىللەتنى تاشلاتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنپەئەت يېتىدۇ.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: [مَنْ يُرِيدُ اللّٰهَ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ.] (رواه البخاري ومسلم)

**”ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنىي ئىلىملارغا ئالىم قىلىدۇ.“**

ئاللاھ ھەممىمىزگە پايدىلىق ئىلىملەرنى ئاتا قىلغاي، ئامىن!

# «داموللا» سۆزى ھەققىدە ئىزدىنىش

شەمشىدىن ھاجى

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئاپتور ماقالىدە، قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىپ كەلگەن ”داموللا“ سۆزىنىڭ تىلىمىزغا قايسى تىلدىن ئۆزلەشكەنلىكى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئەرەبچە ۋە پارسچە ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەزىلەرنىڭ ”داموللا“ سۆزىدىكى (چوڭ) سۆزى بىلەن ”دىنىي بىلىمى بار“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ”موللا“ سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان دېگەن بىر تەرەپلىمىلىك يۈزەكى قارىشىغا پاكىت ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، بۇ سۆزنىڭ پارىسچىدىكى «دەھ مەنلا» سۆزىدىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىلىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۆتكەندە خېلىلا كاتتا، بىلىملىك بىرسىنىڭ: ئۇيغۇرچىدىكى ”داموللا“ دېگەن سۆز خەنزۇچە < 大 > (چوڭ) بىلەن ”دىنىي بىلىمى بار“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ”موللا“ دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ”چوڭ موللا“ دېگەن مەنىدە.دەپ ئىزاھ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، يېقىندىن بېرى بەزىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن بۇ سۆزنى دەسلەپتە ئاڭلاپلا، ”داموللا“ دېگەن نوقۇل ئىسلام ئاتالغۇسىنىڭ قانداق قىلىپ خەنزۇچە ”دا“ (چوڭ) دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىپ قالغانلىقىغا، ھەتتا بەزى ئىلمىي خادىملىرىمىزنىڭ ئېغىزىدىنمۇ مۇشۇنداق چۈشەنچىدىكى سۆزنىڭ چىققانلىقىغا ھەيران قالدىم. شۇڭا، ”داموللا“ سۆزىنىڭ زادى قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى ۋە قايسى مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىزدەندىم. بىرمۇنچە مۇناسىۋەتلىك ئەسەر، لۇغەت ۋە ماتېرىياللارنى كۆردۈم. بولۇپمۇ بىرمۇنچە پېشقەدەم ئۆلىمالىرىمىز ۋە دىنىي زاتلىرىمىز ھەم ئىسلام دارىلفۇنۇن ئۇستازلىرى بىلەن بۇ ھەقتە ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلاردىن بەزىلەر: ”داموللا“ دېگەن سۆز ئەرەبچە ”دام علاه“ (دامە ئۇلاھۇ ) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن بولۇپ، ”ئىلمى داۋاملاشسۇن، ئۇستۇنلۇكى ھەمىشە بولسۇن، مەرتىۋىلىك كىشى“ دېگەندەك مەنىلەرنى بىرىدۇ دېسە (كاتتا ئۆلىما سابىت داموللا ھاجىمۇ ئۆزىنىڭ «قەسىدەتۇس سەنىيە ئەقىدەتىس سۇننىيە» يەنى «سۈننى ئەقىدىسىدىن گۈزەل قەسىدىلەر» دېگەن ئەسىرىدىمۇ شۇنداق كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئېھتىمال يۇقىرىدىكى كۆز قاراشنىڭ مەنبەسى سابىت داموللا ھاجىم

بولسا كېرەك)، يەنە بەزىلەر: ”داموللا“ سۆزى ئەرەبچە ”دائى المولى“ (دائىمۇل مەۋلا) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ”ھەر دائىم ئىشلىتىدىغان بىلىملەر ئىگىسى، مەڭگۈلۈك بىلىملەر ئىگىسى“ دېگەن مەنىگە ئىگە، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: پارسچىدا ”دەھ“ دېگەن سۆزنىڭ ”بەك، ئاجايىپ، تازا“ دېگەن مەنىسى ”موللا“ بولسا ”كەمتەر، ئېغىر بېسىق، سالماق، بىلىملىك“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ”دەھ موللا“ (بەك بىلىملىك ) دېگەن سۆز بىزگە ”داموللا“ بولۇپ ئۆزلەشكەن، دەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر: ”ئۆز ۋاقتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «دەمىن ئۇنۇۋېرسىتېتى» دېگەن بىر دىنىي ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇ يەرنى پۈتتۈرگەنلەر ”دىنىي بىلىمدە ئالىي مەلۇماتلىق“ دېگەن مەنىدە ”دەموللا“ دەپ ئاتالغانىكەن، شۇ سەۋەبتىن يۇقىرى بىلىملىك دىنىي زاتلار بىزدە ”دەموللا“ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، دەيدۇ. تېخىمۇ كۆپرەك ئۆلىمالار ”داموللا“ دېگەن ئەرەبچە ”ئۇستاز، خوجا، ئەپەندى“ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ”مەۋلا“ سۆزىنىڭ ئالدىغا ”دا“ قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلگەن ”يۇقىرى بىلىملىك زات“ دېگەن مەنىنى بېرىدىغان سۆز، دەيدۇ ۋەھاكازالار.

ئومۇمەن ”داموللا“ دېگەن سۆزنى ئەرەبچىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگۈچىلەر كۆپرەك، ئەپسۇسكى ئەرەبچىدە ”داموللا“ دېگەن سۆز يوق، بىز دەۋاتقان ”داموللا“ نى ئەرەبلەر ”داموللا“ دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاتىماي ”شەيخ“ دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزنى پۈتۈنلەي ئەرەبچىدىن كەلگەن ئاتالغۇ دېيىش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. ”داموللا“ سۆزىنى خەنزۇچە ”大“ (چوڭ، كاتتا) دېگەن سۆز بىلەن ”بىلىملىك“ مەنىسىدىكى ”موللا“ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان (بۇ توغرىسىدا ئۇلار مۇنداق بىر رىۋايەتنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: 12 ـ ئەسىردە چىن پادىشاھى ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرىدىن مۇھەممەد خارەزىم شاھ بىلەن قۇدىلىشىش مەقسىتىدە خەنزۇ خېنىملىرىنى سوۋغا قىلغانىكەن، بۇ خېنىملار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە تىل ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىنى ”دا مەۋلا“ (چوڭ ئۇستاز) دېيىشكەنلىكى ئۈچۈن ”داموللا“ دېگەن ئىسىم كېلىپ چىققان دېيىلىدۇ. بۇ پەقەت رىۋايەت. راست شۇنداق تارىخىي رېئاللىق بولغانمۇ ـ يوق؟ بۇنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق رېئاللىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ خېنىملارنىڭ خارەزىمدە ئاتىغان ئاتالمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ رايونى ھەمدە غەربىي ئاسىيادىكى بىر مۇنچە ئەللەردە ئومۇملىشىشى قىلچە ئەقىلگە سىغمايدۇ.) دېيىش كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلالمايدۇ. ناۋادا ”دا“ سۆزى خەنزۇچىدىن كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ تىلى قوللىنىدىغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىنى ”داموللا“ دەپ

ئاتىسا بولاتتى، ھالبۇكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىرىنى ''ئاخۇن'' دەپ، چوڭ ئۆلىمالىرىنى ''دا ئاخۇن'' (چوڭ ئاخۇن، كاتتا ئاخۇن) دەپ ئاتايدۇ.

''موللا'' دېگەن سۆز ئەرەبچە ''مەۋلا'' دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدەك ''مەۋلا'' دېگەن سۆز ئەرەبچىدە ''ئۇستاز، خوجا، ئىگەم، ئەپەندى'' مەنىلىرىگە ئىگە بولۇپ ئىسلام دىنىدا يۇقىرى بىلىم ئىگىلىرىنى، يەنى ئالىم ـ ئۆلىمالارنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ سۆز ئۇ مەنىلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا ئىسلام ئۆلىمالىرىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان ۋە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىملىك ئالىم ئۆلىمالىرىنى ''چوڭ ئۇستاز، چوڭ ئالىم'' مەنىسىنى كۆرسىتىدىغان ''مەۋلانە، مەۋلەۋى'' دېگەن ياسالما سۆزلەر بارلىققا كەلگەن، ھەتتا مەشھۇر نوپۇزلۇق، ئىناۋەتكە سازاۋەر ئالىملارنىڭ تەخەللۇسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئىسىم شەرىپىگە بۇ سۆزلەر قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان بولغان. مەسىلەن: پارسلارنىڭ 13 ـ ئەسىردە جاھانغا مەشھۇر ئاتاقلىق شائىرى جالالىدىن رۇمىنىڭ تەخۇللۇسى ''مەۋلانە''، ''مەۋلەۋى'' دەپ ناملانغان ۋە ''جالالىددىن رومى مەۋلانە (مەۋلەۋى)'' دەپ ئاتالغان. شۇ سەۋەبلىك جالالىدىن رومى ئاساس سالغان سۈپىلىق تەرىقىتى «مەۋلەۋىيە تەرىقىتى»، «مەۋلەۋىلەر تەرىقىتى» دەپ ئاتالغان. ''موللا'' سۆزىنى ئىسىم شەرىپىگە قوشۇپ ئاتاشتەك بۇ خىل ھالەت ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ خېلى كەڭ قوللىنىلغان، بولۇپمۇ بىلىملىك ياكى نوپۇزلۇق، ئىناۋەتلىك كىشىلەر ئىسمى ئالدىغا بۇ سۆزنى (''موللا'' سۆزىنى) قوشۇپ ئاتاش ئادىتى شەكىللەنگەن. مەسىلەن: موللا بىلال، موللا مۇسا سايرامى، موللا ئەرشىدىن خوجا، موللا نەسىردىن، موللا زەيدىن دېگەنگە ئوخشاش. كىشىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە ''موللا'' بولۇشىنى تىلەپ، پەرزەنتلىرىگە ھەتتا موللا نىياز، موللاخۇن، موللاجان، موللا رەھمەت دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشىدىنمۇ بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خوش، ئەرەبچە ''مەۋلا'' دېگەن سۆز (ئەرەبچە يېزىلىشى ''مولى'' پارسچە يېزىلىشى ''مولا '') ئۇيغۇرچىدە ''موللا'' بولۇپ ئۆزلەشكەن (پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن) ئىكەن. ئۇيغۇرچىدىكى ''داموللا'' دېگەن سۆز قانداق پەيدا بولغان؟ بەزى نوپۇزلۇق ئۆلىمالارنىڭ چۈشەندۈرىشىچە، بۇ سۆز پارسچە ''دەھ'' (ئون) سۆزى بىلەن ''مەنلا'' (بىلىملىك دېگەن مەنىدىكى ''مەۋلا '' سۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئىران تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزلەشكەن ۋارىيانتى) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن

ھاسىل بولغان ''دەھ مەنلا'' دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىشى جۈملىدىن ئۇيغۇرچىلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، بۇخىل قاراش ئەقىلگە ۋە ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر مۇۋاپىق چۈشەنچە. ''دەھ'' دېگەن پارسچىدە ''ئون'' دېگەن مەنىدە بولۇپ،''دەھ مەنلا'' دېگەن سۆز ''ئون ساھەدىكى بىلىمنى ئىگىلىگەن ئەھلى ئىلىم (موللا)''، ''ئون خىل ئىلىمدە توشقان زات'' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ''دەھ'' سۆزى پارسچىدا ''دە'' دەپ ''مەۋلا '' دېگەن سۆز ''مولا'' دەپ يېزىلىدۇ، بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇپ ''دە مولا'' (دەھـمەۋلا) يېزىلىپ ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن ''دەموللا، داموللا'' بولۇپ قالغان. ھازىرمۇ بىرمۇنچە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ''داموللا'' سۆزىنى ''دەمەنلا، دەملا، داملا'' دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ.

ئۇنداق بولسا، نوپۇزلۇق ئۆلىمالارنىڭ چۈشەندۈرىشىدىكى ''ئون ساھەدىكى ئىلىمنى ئىگىلىگەن ئەھلى ئىلىم'' مەنىسىدىكى ''داموللا'' ئىگىلىگەن ''ئون ساھەدىكى ئىلىم'' قايسىلار؟ بۇ بىلىملەر ئەينى ۋاقىتتا (ئابباسىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە سالجۇق تۈركلىرىدىن سۇلالە ئوردىسىدا ھوقۇق تۇتقان باش ۋەزىر نىزامۇل مۇلك رىياسەتچىلىكىدە) 1065 ـ 1067 ـ يىللىرى باغدادتا تەسىس قىلىنغان «نىزامىيە» تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك ئىلىمدىن ئىبارەت: (1) ئىلمى تەۋھىد (ئىلمى كالام)؛ (2) ئىلمى تەپسىر؛ (3) ئىلمى ھەدىس؛ (4) ئىلمى فىقھە؛ (5) ئىلمى تەجۋىد؛ (6) ئىلمى فەرائىز (مىراس ئىلمى)؛ (7) ئىلمى مەنتىق؛ (8) ئىلمى سەرف (مورفولوگىيە)؛ (9) ئىلمى نەھۋى (گرامماتىكا)؛ (10) ئىلمى مەئانى (ئىستىلىستىكا)؛ (بەزى ئۆلىمالار بۇ ئون تۈرلۈك ئىلىم ئىچىدە «ئىلمى تەسەۋۋۇپ» بار ئىكەن، ئىلمى فەرائىز دەرسى ''ئىلمى فىقھە'' دائىرىسىدە ئوقۇلىدىكەن، دەيدۇ) بۇ ئون تۈرلۈك ئىلىمنىڭ ھەر بىرىدە بىرقانچە ھەتتا ئون نەچچىدىن كىتاب ئوقۇلىدىكەن، شۇڭا تالىپلار 10 نەچچە يىللاپ ئوقۇغاندىن كېيىنلا ئاندىن ''داموللا'' ئۇنۋانىنى ئېلىپ قايتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ''داموللا'' سۆزى ''10 يىل ئوقۇغان موللا'' دېگەن مەنىدە دېگۈچىلەرمۇ بار.

شىنجاڭ ئۆز ۋاقتىدا دىنىي بىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئىپتىدائى دىنىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسلەردە، ئالدى بىلەن دىنىي بىلىم ۋە ئەرەبچە، پارسچە تىللاردىن پۇختا ئاساس سالاتتى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسلەرنى لاياقەتلىك پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇخارادىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىپ، ھەر بىر دەرسلەردىن ئېلىنغان قاتتىق تەلەپلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ''داموللا'' ئۇنۋانىنى ئېلىپ قايتاتتى. شۇنداقلا ھىندىستاندىكى دىئو بەند ئالىي بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرگەنلەر ''داموللا'' ئۇنۋانى بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولغان ''مەۋلەۋى'' ئۇنۋانىنى ئېلىپ قايتاتتى،

قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە»، «ساقىيە مەدرىسە» قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر بولسا ”خەلفەت“ (خەلفىتىم) ئۇنۋانىنى ئالاتتى. ”خەلفەت“ سۆزى ئەرەبچە ”خەلىف“ سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ”ئىزىنى بېسىش“ مەنىسىدە، ”چوڭ ئۆلىمالارنىڭ ئىزىنى باسقۇچى“ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، بۇ ئۇنۋان ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىلىم ئالغانلار ئىچىدە يۇقىرى ئۇنۋان ھېسابلىناتتى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بولغان موللا مۇھەممەد شېرىپ خەلفىتىم 60 يىل ئۇزۇلدۇرمەي مۇدەررىسلىك قىلىپ 300 دەك چوڭ ئۆلىمانى يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ ”داموللا“ دەپ ئاتالماي يەنىلا ”خەلفىتىم“ دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بۇخارادىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، ئەسلىدە 103 ئالىي مەدرىسە بار بولغان ئىسلامىيەت بىلىملىرى ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بۇخارادا ئاران بىر مەدرىسە قالغان ۋە باشقا ئەللەردىن تالىپ قوبۇل قىلماي، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەرنىلا ئوقۇتىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى بولۇپ قالغان. شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم تەھسىل قىلغۇچى تالىپلار بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىن قېلىپ، ئالىي دىنىي بىلىم مەركىزى بۇخارادىن قەشقەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئالىي دىنىي مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەنلەر قەشقەرنىڭ ئۆزىدە داۋاملىق ”خەلفىتىم“ دەپ ئاتالسىمۇ، شىنجاڭنىڭ باشقا بەزى جايلىرىدا ”داموللا“ دەپ ئاتىلىدىغان بولغان، نەتىجىدە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەن تالىپلار قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىپ، ئۆز جايلىرىدىكى نوپۇزلۇق ”داموللا“ لاردىن بولۇپ قالغان. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۇقىرى بىلىملىك دىنىي زاتلار ئومۇمەن ”داموللا“ دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

---

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2006 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1](ئىمان ھەققىدە)

5. عَنِ الْمَعْرُورِ بْنِ سُوَيْدٍ قَالَ: لَقِيتُ أَبَا ذَرٍّ بِالرَّبَذَةِ وَعَلَيْهِ حُلَّةٌ وَعَلَى غُلاَمِهِ حُلَّةٌ فَسَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ إِنِّي سَابَبْتُ رَجُلاً فَعَيَّرْتُهُ بِأُمِّهِ فَقَالَ لِي النَّبِيُّ صَلىَ اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «يَا أَبَا ذَرٍّ أَعَيَّرْتَهُ بِأُمِّهِ؟ إِنَّكَ امْرُؤٌ فِيكَ جَاهِلِيَّةٌ إِخْوَانُكُمْ خَوَلُكُمْ جَعَلَهُمُ اللهُ تَحْتَ أَيْدِيكُمْ فَمَنْ كَانَ أَخُوهُ تَحْتَ يَدِهِ فَلْيُطْعِمْهُ مِمَّا يَأْكُلُ وَلْيُلْبِسْهُ مِمَّا يَلْبَسُ وَلاَ تُكَلِّفُوهُمْ مَا يَغْلِبُهُمْ فَإِنْ كَلَّفْتُمُوهُمْ فَأَعِينُوهُمْ.»

مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد دىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى :مەن «رەبەزە» دېگەن يەردە ئەبۇزەرنى ئۆزىنىڭ ئۇستىدە بىر يەكتەك، خىزمەتكارىنىڭ ئۇستىدە بىر يەكتەك بار ھالەتتە ئۇچراتتىم، ــ دە، مەن ئۇنىڭدىن ئاشۇنى سورىدۇم. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى چىشلەپ تارتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: «ئى ئەبۇزەر! سەن ئۇنىڭ ئانىسىنى چىشلەپ تارتتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭدە جاھىلىيەتنىڭ (يامان) خۇلقى بار ئادەمكەنسەن. سىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىڭلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى، شۇڭا قېرىندىشى قول ئاستىدا بولغان كىشى ئۆزىنىڭ يەيدىغانلىرىدىن يېگۈزسۇن، كىيىدىغانلىرىدىن كەيگۈزسۇن، سىلەر ئۇلارغا بېسىم بولىدىغان ئىشنى تاپشۇرماڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇلارغا تاپشۇرساڭلار، ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار.»

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

كان أبو ذر يسوي بين نفسه وبين خادمه في الملبس والمأكل، فلما رآه بعض الصحابة، وقد قسم الحلة الواحدة نصفين، لبس نصفها، وألبس عبده نصفها، سألوه: لم لم تجمع بين النصفين لتلبس حلة كاملة؟ فأجاب بقوله: تشاتمت مع رجل، وكانت أمه أعجمية، فنلت منها، عيرته بسوادها فشكا الرجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم، فوبخني بأن ما فعلته من خصال الجاهلية الذميمة وأفهمني أن العبيد لم يخرجوا عن كونهم إخوانا في الإنسانية، ولئن رفع الله بعض الناس على بعض فقد أوجب على الأسياد حسن معاملة العبيد والضعفاء في المأكل والمشرب والملبس، بل وفي أسلوب الخطاب، ونهى عن تكليفهم بصعاب تفوق طاقاتهم.

---

[1] «المنهل الحديث في شرح الحديث»دىن ئېلىندى. ئىككىنچى قىسمى ئالدىنقى سانلاردا.

ئەبۇزەر ئۆزى بىلەن خىزمەتكارىنىڭ ئارىسىنى كىيىم ـ كېچەكتە، يېمەك ـ ئىچمەكتە باراۋەرلەشتۈرەتتى، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى ئۇنى، (قوش تەگلىك) بىر يەكتەكنى باراۋەر ئىككىگە ئايرىپ، بىر بۆلىكىنى ئۆزى كەيگەن، بىر بۆلىكىنى قۇل خىزمەتكارىغا كەيگۈزگەن ھالەتتە كۆرگىنىدە ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورىدى: پۈتۈن يەكتەك ھالىتىدە كىيىش ئۈچۈن ئىمىشقا ئىككى بۆلەكنى بىرلەشتۈرمەيسىز؟ ئۇ مونۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بەردى :مەن بىر كىشى بىلەن تىللىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئانىسى ئەرەب بولمىغان ئايال ئىدى، مەن ئۇنى تىللىدىم ۋە مەن ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ قارا تەنلىكى بىلەن تىل تەككۈزدۈم. ھېلىقى ئادەم رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدى ـ دە، رۇسۇلۇللاھ مېنىڭ قىلغىنىمنىڭ جاھىلىيەتنىڭ يامان خۇلۇقلىرىدىن ئىكەنلىكى بىلەن مېنى ئەيىبلىدى. ۋە ماڭا: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن يۇقىرى قىلغان بولسىمۇ، قۇل خىزمەتكارلار ئىنسانچىلىقتا قېرىنداش بولۇشتىن سىرتتا ئەمەسلىكىنى، شۇڭا خوجايىنلار قۇللارغا، ئاجىزلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىم ـ كېچەكتىلا ئەمەس، بەلكى سۆز قىلىش ئۇسلۇبىدىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى» نى چۈشەندۈردى، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىدىن ئارتۇق ئېغىر ئىشلارنى ئۇلارغا ئارتىشتىن توستى.

فما أجل هذا التشريع الحكيم، وما أسمى سماحة الإسلام، إنه دين المودة والمحبة والألفة بين الناس.

بۇ ھېكمەتلىك قانۇنچىلىق نېمىدىگەن ئۇلۇغ! ئىسلام دىنى كەڭ قورساقلىقتا نېمىدىگەن يۈكسەك! ئىسلام دىنى ئەلۋەتتە دوست كۆرۈش، ياخشى كۆرۈش، كىشىلەر ئارىسىنى ئىناقلاشتۇرۇش دىنى.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

(عن أبي ذر قال سابت رجلا) الحديث من أول "سابت رجلا" مقصود لفظه، في محل نصب مقول القول، و"قال" مسبوك من غير سابك نائب فاعل لفعل محذوف، والتقدير: روي عن أبي ذر قوله "سابت رجلا" إلخ وأبو ذر الغفاري بكسر الغين منسوب إلى غفار، قبيلة من كنانة، روي عنه أنه قال : أنا رابع أربعة في الإسلام، ويقال: إنه خامس خمسة، أسلم بمكة ثم رجع إلى بلاد قومه، فأقام حتى مضت بدر وأحد والخندق، ثم هاجر إلى المدينة فصاحب رسول الله صلى الله عليه وسلم وزهده مشهور وتواضعه جم، ومن مذهبه حرمة ما زاد عن حاجة المسلم من المال.

«عَنْ أَبِي ذَرٍّ قَالَ سَابَبْتُ رَجُلاً» (ئەبۇزەر دىن «مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قالدىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى). «سَابَبْتُ رَجُلاً» دىن باشلانغان ھەدىسنىڭ لەۋزىدىن كۆزدە تۇتۇلغان (ئىبارە) ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كېلىشتە، «قَالَ» پېئىلىنىڭ تولدۇرغۇچىسى. قال قېلىپقا سالغۇچى ۋاستىسىز (يەنى مەستەر قوشۇمچىسى أَنَّ سىز) قېلىپلاشقان مەستەر، چۈشۈپ قالغان پېئىلنىڭ ۋەكىل پائىلى. قىياس قىلىنىشى «رُوِيَ عَنْ أَبِي ذَرٍّ قَوْلُهُ "سَابَبْتُ رَجُلاً...الخ» (ئەبۇ زەر دىن «مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قالدىم، ...» دېگەن سۆزى رىۋايەت قىلىندى). ئەبۇ زەر غىفاري كىنانەنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان غىفار قەبىلىسىگە مەنسۇپ كىشى. ئۇنىڭدىن «مەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۆت كىشىنىڭ تۆتىنچىسى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، ئېيتىلىشىچە : ئۇ مەككىدە مۇسۇلمان بولغان بەش كىشىنىڭ بەشىنچىسى، ئاندىن ئۇ قەۋمىنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ بەدر،

ئوھۇد، خەندەك غازاتلىرى ئۆتكەنگە قەدەر تۇرغان، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولغان. ئۇنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى ھەممىگە تونۇلغان، ئۇنىڭ كەمتەرلىكى مۇجەسسەملەنگەن. مۇسۇلمانىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مال ـ دۇنيادىن چەكلىنىش ئۇنىڭ تۇتقان بىر يولى.

(سابىبت) مفاعلة من السب، وهو الشتم وكان السب من الجهتين، كما يدل على ذلك رواية مسلم "فقلت: من سب الرجال سبوا أباه وأمه" وقد ثبت أن الرجل بلال المؤذن، مولى أبي بكر رضي الله عنهما، ولعل أبا ذر أبهمه خوفا عليه من احتقار السامع.

«سَابَبْتُ» ـ تىللاش دىن ئىبارەت سَبَّ (تىللىدى) پېئىلىنىڭ «فَاعَلَ مُفَاعَلَةً» ۋەزنىدىكى ئۆملۈك (تىللاشتى) مەنىسى. سَبَّ پېئىلىمۇ خۇددى مۇسلىمنىڭ رىۋايىتى كۆرسەتكىنىدەك ئىككى تەرەپتىنمۇ بولىدۇ: «فَقُلْتُ: مَنْ سَبَّ الرِّجَالَ سَبُّوا أَبَاهُ وَأُمَّهُ» « (مەن ‹ ئەبۇزەر › مۇنداق دېدىم: كىم كىشىلەرنى تىللىسا ئۇلار ئۇنىڭ دادىسىنى ۋە ئانىسىنى تىللايدۇ).(ھەدىستىكى)ھېلىقى ئادەم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى مۇئەززىن بىلال ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئېھتىمال ئەبۇزەر ئاڭلىغۇچىنىڭ پەس كۆرىشىدىن قورقۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇنى (بىر ئادەم دەپ، ئىسمىنى ئاتىماي) مەۋھۇملاشتۇرغان بولىشى مۇمكىن.

(فعيرته بأمه) معطوف على "سابىبت" والتعيير هو النسبة إلى العار، فهو سب، والفاء تفسيرية، وفي رواية "فعيرته بسواد أمه" وفي رواية "قلت له: يا ابن السوداء "وفي رواية" وكانت أمه أعجمية فنلت منها".

«فَعَيَّرْتُهُ بِأُمِّهِ» (مەن ئۇنىڭ ئانىسىنى چىشلەپ تارتتىم) ئىبارىسى «سَابَبْتُ» غا باغلىنىلغان، چىشلەپ تارتىش (التعيير) ئەيىپلەشكە مەنسۇپ سۆز، شۇڭا ئۇ (ئۇنى ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ ) تىللىدى ـ بولىدۇ. « فَ» چۈشەندۈرمە باغلىغۇچى. يەنە بىر رىۋايەتتە «فَعَيَّرْتُهُ بِسَوَادِ أُمِّهِ» ( مەن ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكى بىلەن تىل تەككۈزدۈم ) ئىبارىسى كەلگەن؛ يەنە بىر رىۋايەتتە «قُلْتُ لَهُ يَا ابْنَ السَّوْدَاءِ» ( مەن ئۇنىڭغا: «ئى قارا تەنلىك خوتۇننىڭ بالىسى!» دېدىم) ئىبارىسى كەلگەن؛ يەنە بىر رىۋايەتتە «وَكَانَتْ أُمُّهُ أَعْجَمِيَّةً فَنِلْتُ مِنْهَا» ( ئۇنىڭ ئانىسى ئەرەب ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭغا تىل تەككۈزدۈم ) ئىبارىسى كەلگەن.

(فقال لي النبي صلى الله عليه وسلم) معطوف على محذوف، أي فعلم رسول الله، أو شكا الرجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال.

«فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى) جۈملىسى چۈشۈپ قالغان «فَعَلِمَ رَسُولُ اللهِ» (رەسۇلۇللاھ بىلدى) جۈملىسىگە باغلىنىلغان ياكى چۈشۈپ قالغان «شَكَا الرَّجُلُ إِلَى رَسُولِ اللهِ» (ھېلىقى ئادەم رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدى) جۈملىسىگە باغلىنىلغان، ئاندىن «قال» كەلگەن.

(أعيرته بأمه؟) الاستفهام إنكاري توبيخي، على معنى ما كان ينبغي أن تعيره بأمه.

«أَعَيَّرْتَهُ بِأُمِّهِ» (سەن ئۇنىڭ ئانىسىنى چىشلەپ تارتتىڭمۇ؟) ئۇ سۇئال جۈملە ـ سەن ئۇنىڭ ئانىسىنى چىشلەپ تارتمىغۇلۇقتى دېگەن ـ ئەيىپلىمە ئىنكار تۈسىدىكى سۇئال جۈملە.

(إنك امرؤ فيك جاهلية) "امرؤ" خبر "إن" وهو من نوادر الكلمات، لأن حركة عين الكلمة وهي الراء تتبع لامها في

الحركات الإعرابية فتضم مع الرفع وتفتح مع النصب وتكسر مع الجر، و"فيك جاهلية" خبر ومبتدأ، والجملة صفة "امرؤ" والمراد فيك خصلة ذميمة من خصال الجاهلية، وهي التعيير والسب.

«إِنَّكَ امْرُؤٌ فِيكَ جَاهِلِيَّةٌ» (سەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭدە جاھىلىيەتنىڭ يامان خۇلقى بار ئادەمكەنسەن) ئىبارىسىدىكى «اِمْرُؤٌ» إِنَّ نىڭ خەۋىرى، ئۇ ئۆزگىچە سۆزلەردىن بىرى، چۈنكى سۆزدىكى «ر» دىن ئىبارەت «ع» باراۋىرىدىكى ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى، سۆزدىكى «ل» نىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپىنىڭ سۆز ئاخىرىنىڭ تۈرلىنىش بەلگىلىرىدە ئۆزگىرىپ كېلىشىگە ئەگىشىدۇ، سۆز باش كېلىش بىلەن «ر» دەممىلىك كېلىدۇ. چۈشۈم كېلىش بىلەن «ر» پەتھەلىك كېلىدۇ، ئىگىلىك كېلىش بىلەن «ر» كەسرىلىك كېلىدۇ. «فِيكَ جَاهِلِيَّة» ئالدىدا كەلگەن خەۋەر ۋە كەينىدە كەلگەن مۇبتەدا، بۇ جۈملە «اِمْرُؤٌ» نىڭ سۈپىتى، بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنا: «سەندە جاھىلىيەتنىڭ كىشىلەرنى چىشلەپ تارتىش ۋە تىللاشتىن ئىبارەت يامان خۇلق بار ئىكەن».

(إخوانكم خولكم) خبر مقدم ومبتدأ مؤخر، لأن المقصود الحكم على الخول بالأخوة، وإنما قدم الخبر للاهتمام به، ويجوز أن يكونا خبرين لمبتدأين محذوفين، أي هم إخوانكم، هم خولكم، وخول الرجل حشمه وخدمه الواحد خائل، وهو اسم يقع على العبد والأمة، والمراد من الأخوة هنا الأخوة في الإنسانية.

«إِخْوَانُكُمْ خَوَلُكُمْ» (سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار سىلەرنىڭ قېرىنداشىڭلار) ئىبارىسى ئالدىدا كەلگەن خەۋەر ۋە كېيىن كەلگەن مۇبتەدا. چۈنكى كۆزدە تۇتۇلغان مەنا خىزمەتكارلارغا قېرىنداشلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش. خەۋەر پەقەت ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىك ئۈچۈنلا ئالدىدا كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئىككىسى چۈشۈپ قالغان ئىككى مۇبتەدانىڭ خەۋىرى بولىشىمۇ بولىدۇ، يەنى «هُمْ إِخْوَانُكُمْ، هُمْ خَوَلُكُمْ» (ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، ئۇلار خىزمەتكارلىرىڭلار) «خَوَلُ الرَّجُلِ» (خىزمەتكار، نۆكەرلەر) دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ بىرلىك سانى «خَائِلٌ» ئۇ قول ۋە دىدەكنى ئاتايدىغان ئىسىم. بۇ يەردە قېرىنداشتىن كۆزدە تۇتۇلغىنى ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتتىكى قېرىنداشلىق.

(جعلهم الله تحت أيديكم) مجاز عن القدرة أو عن الملك، أي جعل الله لكم التصرف والسيطرة عليهم، أو جعلكم مالكين لهم.

«جَعَلَهُمُ اللَّهُ تَحْتَ أَيْدِيكُمْ» (ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى) ئىبارىسىدىكى «أيديكُمْ» ئىقتىدار، ئىگىدارچىلىق مەنىسىدە كەلتۈرۈلگەن كۆچمە مەنا، يەنى: ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى ئاتا قىلدى ياكى سىلەرنى ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى قىلدى.

(فمن كان) الفاء تفريعية، أو فصيحة في جواب الشرط، تقديره: إذا كان أمرهم كذلك فمن كان...إلخ. و"من" موصولة مبتدأ، وجملة "كان" صلة وقوله "فليطعمه" خبر المبتدأ، ودخلت الفاء عليه لتضمن المبتدأ معنى الشرط.

«فَمَنْ كَانَ» دىكى «ف» تۈر بايان باغلىغۇچى «ف»، ياكى شەرتنىڭ جاۋابىدا كېلىدىغان ئوچۇقلاشتۇرغۇچى «ف». قىياس قىلىنىشى: «ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىشى ئاشۇنداق بولسا، ... بولغان كىشى...». «من» نىسپى ئالماش، مۇبتەدا. «كان» بىلەن كەلگەن جۈملە ئۇلانما جۈملە. «فَلْيُطْعِمْهُ»

مۇبتەدانىڭ خەۋىرى. مۇبتەدا شەرت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن خەۋەرگە «ف» قوشۇلغان.

(مما يأكل) "من" تبعيضية، و"ما" موصولة، والعائد مفعول "يأكل" محذوف، والتقدير بعض الذي يأكله، أي من جنس ما يأكل، فلا يلزم أن يطعمه من كل مأكوله، ومثلها "مما يلبس".

«مِمَّا يَأْكُلُ» (يەيدىغانلىرىدىن) دىكى «من» بىر قىسىم، بەزى مەنىسىدە كەلگەن. «مِنْ» «مَا» نىسپى ئالماش، قايتقۇچى ئالماش «يَأْكُلُ» نىڭ چۈشۈپ قالغان تولدۇرغۇچىسى. قىياس قىلىنىشى «بَعْضِ الَّذِي يَأْكُلُهُ» (يەيدىغانلىرىدىن بىر قىسمىنى، يەيدىغانلىرىنىڭ ئوخشاش تۈرىنى) شۇڭا ئۆزىنىڭ يېمەكلىكىنىڭ ھەممىسىدىن يىگۈزۈشى زۆرۈر بولمايدۇ. «مِمَّا يَلْبَسُ» مۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش.

(فإن كلفتموهم) مفعوله الثاني محذوف، أي إن كلفتموهم ما يغلبهم.

«فَإِنْ كَلَّفْتُمُوهُمْ» (ئەگەر سىلەر ئۇلارغا تاپشۇرساڭلار) ئىبارىسىدە ئىككىنچى تولدۇرغۇچى چۈشۈپ قالغان، يەنە «إِنْ كَلَّفْتُمُوهُمْ مَا يَغْلِبُهُمْ» (ئەگەر ئۇلارغا بېسىم بولىدىغان ئىشنى تاپشۇرساڭلار)

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

مطلع هذا الحديث: عن واصل الأحدب عن المعرور قال: لقيت أبا ذر بالربذة -بفتح الراء موضع بالبادية، بينه وبين المدينة نحو ثلاثين ميلا من جهة العراق -وعليه حلة وعلى غلامه حلة، فسألته عن ذلك، وفي رواية فقلت: يا أبا ذر. لو جمعت بينهما كانت حلة"؟ وفي رواية "فقال القوم: يا أبا ذر. لو أخذت الذي على غلامك فجعلته مع الذي عليك لكانت حلة؟ فقال: سابيت رجلا..." إلخ الحديث. والظاهر أن الحلة كانت تتكون من قطعتين من نوع واحد، وأنها كانت لأبي ذر، فلما سمع من الرسول صلى الله عليه وسلم ما سمع فهم أنه لا بد أن يلبس عبده مما يلبس، فقسم الحلة بينه وبين عبده وأخذ يسوي بينه وبين عبده في المأكل والمشرب.

ھەدىسنىڭ باشلىنىشى مۇنداق: ـ ۋاسىل ئەھدەبدىن مەئرۇرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «مەن ئەبۇزەرنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بىر يەكتەك، خىزمەتكارىنىڭ ئۈستىدە بىر يەكتەك بار ھالەتتە «رەبەزە» (مەدىنە بىلەن ئارىلىقى ئوتتۇز مىل ـ قىرىق سەككىز كىلومېتىر ئەتراپىدا ـ بولغان ئىراق تەرەپتىكى بىر سەھرادىكى ئورۇن) دا ئۇچراتتىم.» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلدى: «مەن مۇنداق دېدىم: ئى ئەبۇزەر! ئۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن بولساڭ (قوش تەگلىك) بىر يەكتەك بولمامتى؟» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلدى: «كىشىلەر مۇنداق دېدى: ئى ئەبۇزەر! خىزمەتكارىڭنىڭ ئۈستىدىكىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئۈستىدىكى بىلەن بىرگە قىلغان بولساڭ، ئۇ (قوش تەگلىك) بىر يەكتەك بولمامتى؟ ئۇ مۇنداق دېدى: مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قالدىم... (ھەدىسنىڭ ئاخىرىغىچە) ». ئاشكارا مەنا مۇنداق: يەكتەك بىر تۈردىكى ئىككى پارچىدىن تەركىب تاپقان ئىدى ۋە ئۇ ئەبۇزەرنىڭ ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆزىنىڭ قول خىزمەتكارىغا ئۆزى كىيىدىغانلاردىن كىيگۈزۈشى لازىملىقىنى چۈشەندى، ـ دە يەكتەكنى ئۆزى بىلەن قۇل خىزمەتكارى ئارىسىدا بۆلدى، ئۆزى بىلەن قۇل خىزمەتكارىنىڭ ئارىسىنى يېمەك ـ ئىچمەكتە باراۋەر قىلىشقا باشلىدى.

والظاهر أن السب وقع من أبي ذر قبل أن يعرف تحريمه، كذا قيل، والأحرى أن يقال: إنه استغضب فغضب، فأخطأ، فندم، فقد روي أنه ألقى بخده على الأرض وقال: لا أرفعه حتى يطأه بلال بقدمه، وإنما وبخه صلى الله عليه وسلم وعنفه مع عظم منزلته تحذيرا له عن معاودة ذلك، وتنفيرا لغيره من خصال الجاهلية الذميمة.

ئاشكارا مەنا مۇنداق: تىللاش ـ ئېيتىلغىنىدەك ـ ئەبۇزەر ئۇنىڭ چەكلىنىلگەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تەرىپىدىن يۈز بەرگەن. مۇنداق دېيىلگىنى ئەڭ مۇۋاپىق: «ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى ـ دە ئاچچىقىنى چىقىرىپ خاتالاشتى، ئاندىن پۇشايمان قىلدى». ئۇنىڭ ئىڭىكىنى يەرگە يېقىپ «بىلال پۇتى بىلەن دەسسىمىگۈچە ئىڭىكەمنى كۆتۈرمەيمەن» دېگەنلىكى؛ بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كايىغانلىقى؛ ئاشۇنى ئادەت قىلىۋېلىشتىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، باشقىلار جاھىلىيەتنىڭ يامان خۇلۇقلىرىدىن نەپرەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنى چوڭ بولسىمۇ ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى.

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيثِ (ھەدىستىن مونۇلار ئېلىنىدۇ)

1. استحباب إعطاء الخدم والعبيد ما يشعرهم بالمشاركة الفعلية وليس شرطا المساواة، وإنما المطلوب المواساة التي تظهر في الإطعام والإلباس.

1. خىزمەتكارلار ۋە قۇللارغا ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقنى ھېس قىلدۇرىدىغان تۈيغۇنى ئاتا قىلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى، باراۋەر بولۇش شەرتى ئەمەس بەلكى تەلەپ قىلىنىدىغىنى تاماق يېگۈزۈش ۋە كىيىم كىيگۈزۈشتە ئىپادىلىنىدىغان باراۋەرلىك .

2. النهي عن سب العبيد وعن تحقيرهم بآبائهم، ويلحق بهم الخادم والأجير والضعيف.

2. قۇللارنى تىللاشتىن ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى چېشلەپ تارتىپ ھاقارەتلەشتىن توسۇش ئۇلارغا خىزمەتكار، ئىشلەمچى، ئاجىزلار تەۋە قىلىنىدۇ.

3. الحث على الإحسان إليهم والرفق بهم، والرفق بمن كان في حكمهم كالدواب.

3. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ، ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھۆكمىدە بولغان كىشىلەرگىمۇ ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەش، چارۋىلارمۇ ھەم شۇنداق .

4. عدم الترفع على المسلم وإن كان عبدا.

4. موسۇلمان كىشىگە ئۇ قول بولسىمۇ چوڭچىلىق قىلماسلىق.

5. منع تكليف العبد ومن في حكمه ما لا يطيق أصلا، أو ما لا يطيق الدوام عليه، لأن النهي للتحريم بلا خلاف.

5. قۇلغا ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىدىكى كىشىگە تاقىتى ئەسلا يەتمەيدىغان ئىشنى ياكى داۋاملاشتۇرۇشقا تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشنى تاپشۇرۇشنى مەنئى قىلىش، چۈنكى قىلماسلىققا بۇيرۇش ئىختىلاپسىز ھالدا چەكلەش ئۈچۈن بولىدۇ.

6. إعانة العبد والخادم، ومساعدته إذا كلف بما فيه مشقة.

6. قول ۋە خىزمەتكارلارغا ياردەم بېرىش ، ئۇنىڭغا مۇشەققەتتى بار ئىشلار تاپشۇرۇلسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش .

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

1. اشرح الحديث مصورا وقائعه وأسباب إيراده. واذكر ما تعرفه عن أبي ذر.

1. ھەدىسنى ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ۋە ئۇنى كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان ھالدا چۈشەندۈرۈڭ؟ ئەبۇزەر ھەققىدە بىلگەنلىرىڭىزنى سۆزلەڭ؟

2. وماذا أفاد التعبير بصيغة المفاعلة في "سابيت رجلا" ومن هو هذا الرجل؟ ولم أبهمه أبو ذر؟

2. «سَابَبْتُ رَجُلاً» دە پېئىلنىڭ «فَاعَلَ مُفَاعَلَةً» شەكلىدە كېلىشى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟ (بۇ ئىباردىكى) ئادەم (رجل) كىم ؟ ئەبۇزەر نېمە ئۈچۈن (ئىسمىنى ئاتىماي) ئۇنى مەۋھۇملەشتۈردى؟

3. وما هي الألفاظ التي سبه بها؟ وما هو التعبير؟

3. ئۇ ئۇنى تىللاشتا ئىشلەتكەن سۆزلەر قايسى؟ تىل تەككۈزۈش (التعيير) دېگەن نىمە؟

4. وما نوع عطفه على السب؟

4. ئۇ (تىل تەككۈزۈش) نى تىللاشقا باغلىغان باغلىغۇچى (ف) نىڭ تۈرى نېمە ؟

5. وعلام عطف "إخوانكم خولكم"؟ وما الخول؟ وما معنى الجملة؟

5.«إخوانكم خولكم» نېمىگە باغلىنىلدى؟ «خَوَلٌ» نىڭ مەنىسى نىمە؟ جۈملىنىڭ مەنىسى نىمە؟

6. وما المراد من "جعلهم الله تحت أيديكم"؟

6.«جعلهم الله تحت أيديكم» دىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنا نىمە؟

7. وما المراد من "من" في "مما يأكل" ؟

7.«مما يَأْكُلُ» دىكى «من» دىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنا نىمە؟

8. وما المفعول الثاني في "كلفتموهم"؟

8.« كَلَّفتموهم» دىكى ئىككىنجى تولدۇرغۇچى قايسى؟

9. وضح وضع الحلتين؟

9. ئىككى يەكتەكنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈڭ؟

10. وبين كيف جرؤ أبو ذر على ارتكاب هذا المحرم؟

10. ئەبۇزەرنىڭ بۇ چەكلىنىلگەن ئىشنى سادىر قىلىشقا قانداق پېتىنغانلىقىنى بايان قىلىڭ؟

11. وماذا تعرف عن تصرفه بعد لومه؟

11. ئۇنىڭ ئەيىپلەنگەندىن كېيىنكى قىلمىشلىرى ھەققىدە نىملەرنى بىلىسىز؟

12. وماذا تأخذ من الحديث من الأحكام؟

12. ھەدىستىن ئېلىنغان ھۆكۈملەر نېمە؟

## شَرْحُ الْكَلِمَاتِ

اَلرَّبَذَةُ / مَوْضِعٌ بِالْبَادِيَةِ، بَيْنَهُ وبَيْنَ الْمَدِينَةِ نَحْوَ ثَلاَثِينَ مِيلاً من جهة العراق

رەبەزە (مەدىنە بىلەن ئوتتۇز مىل ـ تەخمىنەن قىرىق سەككىز كىلومېتىر ئەتراپىدا ـ بولغان ئىراق تەرەپتىكى بىر سەھرادىكى ئورۇن)

حُلَّةٌ / اَلْقَمِيصُ والْإِزَارُ والرِّدَاءُ مُجْتَمَعَةً — كۆينەك، ئىشتان ، يەكتەكدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش كىيىم

حُلَّةٌ /لاَ تكونُ اِلاَّ ثَوْبَيْنِ من جِنْسٍ وَاحِدٍ — تۈرى بىر بولغان ئىككى كىيىم ، قوش يەكتەك

حُلَّةٌ / هى إزار ورِدَاء ولا يسمّى حُلَّةً حتّى تكونَ ثَوْبَيْنِ ويُقَالُ الْحُلَّةُ ثَوْبَانِ غَيْرُ لِفْقَيْنِ

قوش تەگلىك يەكتەك، (ئۇ پەرتۇق ۋە يەكتەك بولۇپ ئىككى كىيىم بولمىغۇچە «حُلَّة» دېيىلمەيدۇ، « حُلَّة» قوش ئەنسىز بولغان ئىككى كىيىم)

سَابَّ فُلاَنًا / شَاتَمَهُ — تىللاشتى

عَيَّرَ الرجلَ / نسبه الى العيب ئەيىپ ئارتتى، ئەيىبلىدى، ئەيىبىنى ئاچتى، ئۇنى نادان دەپ ئەيىبلىدى

عَيَّرَهُ بِأُمِّهِ — ئۇنى ئاناڭنى دەپ تىللىدى، ئانىسىنى چىشلەپ تارتتى

غُلاَمٌ / الانسانُ منذُما يُولَدُ الى أن يَشبّ — بالا، ياش

غُلاَمٌ / خادِمٌ . أَجِير — خىزمەتكار

غُلاَمٌ / عَبْدٌ — قۇل

جَاهِلِيَّةٌ / حَالَةُ الْجَهْلِ — نادانلىق، نادان ھالەت

جَاهِلِيَّةٌ / الفترة الّتى مرّبها العربُ قبل الاسلام — جاھىلىيەت دەۋرى

جَاهِلِيَّةٌ / الحال التى كان عليها العرب قبل الإسلام — جاھىلىيەت قىلمىشى

جَاهِلِيَّةٌ / خَصْلَةٌ ذَمِيمَةٌ مِنْ خِصَالِ الْجَاهِلِيَّةِ — جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بىر يامان قىلمىشى

خَائِلٌ ج خَوَلٌ / متعهِّد للشَّيْءِ ومُصْلِح له — قارىغۇچى ،باشقۇرغۇچى

خَوَلُ الرَّجُلِ / حَشَمُهُ وَخَدَمُهُ — خىزمەتكارلار، نۆكەرلەر

خَائِلٌ / اسمٌ يقعُ علي العبدِ والأَمَةِ — قۇل، دېدەكنى ئاتايدىغان ئىسىم

كَلَّفَهُ أَمْرًا / أَوْجَبَهُ أَوْ فَرَضَهُ عَلَيْهِ — . . . گە. . .نى يۈكلىدى، بۇيرىدى، بەلگىلىدى

غَلَبَ يَغْلِبُ غَلَبَةً الرَّجلَ أَوْ عَلَيْهِ / قَهَرَه وتَفَوَّقَ عليه — بېسىپ چۈشتى، ئۈستۈن كەلدى

مَا يَغْلِبُهُمْ / ما يعجزون عنه وَمَا يَصِير قدرتهم فيه مغلوبةً

ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى يەتمەيدىغان ئىش، ئۇلارغا بېسىم بولىدىغان ئىش

المعنى العامّ

سَوَّى بَيْنَهُمَا / سَاوَى / جَعَلَهُمَا يَتَمَاثَلاَنِ وَيَتَعَادَلاَنِ باراۋەرلەشتۈردى

قَسَمَ يَقْسِمُ قَسْمًا الشَّيْءَ / جَعَلَهُ نِصْفَيْنِ — تەڭ ئىككى قىلدى ، باراۋەر ئىككىگە ئايرىدى

أَعْجَمِيٌّ / مَنْ كَانَ غَيْرَ عَرَبِيٍّ — ئەرەب بولمىغان كىشى، غەيرى ئەرەب

أَعْجَمِيٌّ / مَنْ لاَ يَنْطِقُ بِالكلامِ الفصِحِ وإِن كان من الباديةِ ئەدەبى تىلدا سۆزلىيەلمەيدىغان قىرلىق ئەرەب

تَشَاتَمَ مَعَ فُلاَنٍ / شَتَمَ كُلٌّ مِنْهُمَا الْآخَرَ تىللاشتى

نَالَ يَنِيلُ نَيْلاً مِنْ عِرْضِ فُلاَنٍ / طَعَنَ فِيه وسَبَّهُ تىللىدى، تىل تەگكۈزدى، غۇرۇرىغا تەگدى

شَكَا يَشْكُو شَكْوَى وَشِكَايَةً اِلَيْهِ فُلاَنًا / تَظَلَّمَ اِلَيْه مِنْه وأَخْبَرَهُ بِسُوءِ فِعْلِهِ دەرت تۆكتى، زارلاندى، شىكايەت قىلدى، مەلۇم قىلدى، (يامان ئىشنى) يەتكۈزدى، چاقتى

وَبَّخَهُ / لاَمَه وَعَيَّرَهُ ئەيىبلىدى، كايىدى

وَبَّخَهُ / هَدَّدَه قورقۇتتى، ۋەھىمە سالدى

مِنْ خِصَالِ الْجَاهِلِيَّةِ الذَّمِيمَةِ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ يامان خۇلىقلىرىدىن

ذَمِيمٌ / ضِدَّ مَمْدُوحٍ يامان، ناچار

خَرَجَ يَخْرُجُ خُرُوجًا عَنْ كَذَا / حَادَ عَنْهُ چەتنىدى

خَرَجَ عَنْ عَادَةٍ / تَخَلَّى عَنْهُ ۋاز كەچتى، تاشلىدى

لاَ يَخْرُجُ عَنْ كَذَا / لاَ يَتَجَاوَزُه، لاَ يَتَعَدَّاه ...دىن ھالقىمايدۇ، ...دىن سىرتتا ئەمەس

رَفَعَ يَرْفَعُ رَفْعًا فُلاَنًا / أَعْلَى قَدْرَه وشَرَّفَه وكَرَّمَه دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى

أَوْجَبَ الْأَمْرَ عَلَيْهِ / أَلْزَمَهُ به ۋەزىپە قىلدى، ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىدى، تاپشۇردى

سَيِّدٌ جِسَادَةٌ وَأَسْيَادٌ /لَقَبُ كُلِّ رَجُلٍ ئەپەندى

سَيِّدٌ / مَوْلَى الْعَبِيدِ وَالْخَدَمِ خوجايىن

سَيِّدٌ /رَئِيسُ الْقَوْمِ وَشَرِيفُهُمْ بەگ

حُسْنُ مُعَامَلَةِ الْعَبِيدِ قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

تَشْرِيعٌ / سَنُّ الْقَوَانِينِ قانۇن تۈزۈش، قانۇنچىلىق

تَشْرِيعٌ / طَائِفَةُ الْقَوَانِينِ بىريۈرۈش قانۇنلار، قانۇن نىزاملار

سَمَاحَةٌ /جُودٌ وَ كَرَمٌ مەرتلىك، كەڭ قورساقلىق

دِينُ الْمُودَّةِ وَالْمَحَبَّةِ وَالْأُلْفَةِ بَيْنَ النَّاسِ كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىناقلىق دىنى

المباحث العربيّة

أَوَّلُ / ضِدَّ الْآخِرِ بىرىنجى، دەسلەپكى

أَوَّلٌ / بَدْءٌ، بِدَايَةٌ باش، باشلىنىش

مَقْصُودٌ / مُرَادٌ كۆزدە تۇتۇلغىنى، ئىرادە قىلىنغىنى، مەقسەت قىلىنغىنى، كۆزدە تۇتۇلغان مەنا

فِي مَحَلِّ نَصْبٍ ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كىلىشتە

مَقُولُ الْقَوْلِ دىمەكنىڭ دېيىلگۈچىسى، «قال» پېئىلىنىڭ تولدۇرغۇچىسى

سَابِكٌ / حَرْفٌ سَابِكٌ مەستەر قىلىپىغا سالغۇچى، مەستەر ياسىغۇچى

مَسْبُوكٌ / مَصْدَرٌ مَسْبُوكٌ قىلىپلاشقان مەستەر، قىياسى مەستەر

نَائِبُ فَاعِلٍ ۋەكىل پائىل (مەجهۇل دەرىجىدىكى پېئىللىق جۈملىنىڭ ئىگىسى)

غِفَارٌ / مِنْ قَبَائِلِ الْعَرَبِ غىفار (ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرى)

كِنَانَةٌ / قَبِيلَةٌ عَرَبِيَّةٌ مِنْ أَحْلَافِ قُرَيْشٍ نَاصَرَتْها فِي فَتْحِ مَكَّةَ

كىنانە (مەككە پەتھى قىلىنىشتا قۇرەيشكە ياردەملەشكەن، قۇرەيشنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىدىن بىرى بولغان بىر ئەرەب قەبىلىسى)

زُهْدٌ / تَرْكُ رَاحَةِ الدُّنْيَا طَلَبًا لِرَاحَةِ الْآخِرَةِ دۇنياغا بېرىلمەسلىك، زاھىدلىق

جَمٌّ / كَثِيرٌ مُتَجَمِّعٌ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ كۆپ جۇغلاشقان، مۇجەسسەملەنگەن

مِنْ مَذْهَبِهِ ئۇنىڭ تۇتقان يولىدىن بىرى

حِرْمَةٌ مَا زَادَ عَنْ حَاجَةٍ ئېھتىياجدىن ئارتۇقتىن چەكلىنىش، ئېھتىياجدىن ئارتۇق سەرپ قىلماسلىق

"سَابَبْتُ" مُفَاعَلَةٌ مِنَ السَّبِّ "سَابَّ" بولسا «سَبَّ» پېئىلىدىن كېلىپ چىققان « فَاعَلَ يُفَاعِلُ مُفَاعَلَةً » ۋەزنىدە ئۆملۈك مەنىدىكى پېئىل

مَوْلَى / سَيِّدٌ خوجايىن مَوْلَى / عَبْدٌ قۇل

مَوْلَى / مُعْتِقٌ قۇل ئازات قىلغۇچى، مَوْلَى / مُعْتَقٌ ئازات قىلىنغان قۇل، ئازادكەردە

مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى

أَبْهَمَ الْكَلَامَ / أَخْفَاه وأَشْكَلَه يۇشۇرۇپ سۆزلىدى، مەۋھۇملاشتۇردى، تۇتۇقلاشتۇردى

عَارٌ جـ أَعْيَارٌ / عَيْبٌ ئەيىب، نوقسان

عَارٌ / كُلُّ مَا يَشِينُ الانسانَ من قَوْلٍ أَوْ فِعْل يۈزنى چۈشۈرىدىغان سۆز ھەرىكەت، ئارنومۇس

فَاءٌ تَفْسِيرِيَّةٌ چۈشەندۈرمە باغلىغۇچى «ف»

اِسْتفهام إِنْكَارِيٌّ تَوْبِيخِيٌّ ئەيىبلىمە ئىنكار تۈسىدىكى سوئال

نَوَادِرُ الْكَلَامِ / غَرَائِبُه ئۆزگىچە سۆز، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان سۆزلەر

حَرَكَةُ عَيْنِ الْكَلِمَة سۆزنىڭ «ع» باراۋىرىدىكى ھەرىپنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى

اَلْحَرَكَاتُ الْإِعْرَابِيَّةُ سۆز ئاخىرىنىڭ تۈرلىنىش بەلگىللىرى

تُضَمُّ مَعَ الرَّفْعِ باش كېلىش بىلەن دەممىلىك كېلىدۇ

تُفْتَحُ مَعَ النَّصْبِ چۈشۈم كېلىش بىلەن پەتھەلىك كېلىدۇ

تُكْسَرُ مَعَ الْجَرِّ ئىگىلىك كېلىش بىلەن كەسرىلىك كېلىدۇ

اِسْمٌ يَقَعُ عَلَى الْعَبْدِ وَالأَمَةِ قۇل ۋە دېدەكنى ئاتايدىغان ئىسىم، قۇل، دېدەككە قويۇلغان ئىسىم

اَلْإِنْسَانِيَّةُ ئىنسانپەرۋەرلىك

مَجَازٌ عَنِ الْقُدْرَةِ أَوْ عَنِ الْمِلْكِ ئىقتىدار ياكى ئىگىدارچىلىقتىن كەلتۈرۈلگەن كۆچمە مەنا

سَيْطَرَ سَيْطَرَةً عَلَيْهِ / تَسَلَّطَ كونترول قىلدى، تىزگىنلىدى

سَيْطَرَ عَلَيْه / أَشْرَف عليه باشقۇردى، يېتەكلىدى

اَلتَّصَرُّفُ وَالسَّيْطَرَةُ عَلَيْهِمْ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرش ۋە باشقۇرۇش

جَعَلَ لَهُ كَذَا مِن مَالِه / أَعْطِى ...گە ...نى بەردى، ئاتا قىلدى

جَعَلَ اللهُ لَكُمُ التَّصَرُّفَ وَالسَّيْطَرَةَ عَلَيْهِمْ
ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى ئاتا قىلدى

فَاءٌ تَفْرِيعِيَّةٌ تۇر بايان باغلىغۇچى ف

فَاءٌ فَصِيحَةٌ (چۈشۈپ قالغان شەرتنىڭ جاۋابىدا كېلىدىغان) ئوچۇقلاشتۇرغۇچى ف

مَوْصُولَةٌ / اِسْمٌ مَوْصُولٌ نىسبىي ئالماش

صِلَةٌ / جُمْلَةُ الصِّلَةِ ئۇلانما جۈملە

من تَبْعِيضِيَّةٌ «بىر قىسىم، بەزى» مەنىسىدە كېلىدىغان، «بەزى» مەنىسىگە مەنسۇپ بولغان من

اَلْعَائِدُ / اَلضَّمِيرُ الْعَائِدُ قايتقۇچى ئالماش

لاَ يَلْزَمُ أَنْ ... ...قىلىش زۆرۈر بولمايدۇ، ...قىلىش لازىم ئەمەس

مَفْعُولُهُ الثَّانِي ئۇنىڭ ئىككىنچى تولدۇرغۇچىسى

فقة الحديث

مَطْلَعُ هَذَا الحديثِ / أَوَّلُهُ بۇ ھەدىسنىڭ باشلىنىشى

كَذَا قِيلَ دېيىلگەندەك، ئېيتىلىشىچە

اَلْأَحْرَى أَنْ يُقَالَ اِنَّ ... ...مۇنداق دېيىلگىنى ئەڭ مۇۋاپىق

اِسْتَغْضَبَ / غَضِبَ ئاچچىقى كەلدى

غَضِبَ عَلَيْهِ / سَخِطَ عليه واراد الانتقامَ منه ئاچچىقلىدى، ئاچچىقىنى چىقاردى

أَلْقَى الشَّيْءَ عَلَى الْأَرضِ / طَرَحَه أَرْضًا يەرگە يىقىتتى

أَلْقَى بِخَدِّهِ عَلَى الْأَرْضِ ئىڭىكىنى يەرگە ياقتى

وَطِئَ يَطَأُ وَطْأً الشَّيْءَ بِرِجْلِه / دَاسَه دەسسىدى

لاَ أَرْفَعُ حَتَّى يَطَأَهُ بِلاَلٌ بِقَدَمِهِ بىلال پۇتى بىلەن دەسسىمىگۈچە ئۇ (ئىڭەك) نى كۆتۈرمەيمەن

وَبَّخَهُ / لاَمَهُ وَعَيَّرَهُ ئەيىبلىدى، كايىدى

عَنَّفَهُ / لاَمَه بِعُنْفٍ وَشِدَّةٍ قاتتىق ئەيىبلىدى، قاتتىق سۆكتى

| | |
|---|---|
| مَعَ عِظَمِ مَنْزِلَتِهِ | ئۇنىڭ ئورنى يۇقىرى بولسىمۇ |
| عَاوَدَ الشَّيْءَ / جَعَلَهُ مِنْ عَادَتِهِ | ...نى ئادەت قىلىۋالدى، ئادەتلىنىپ قالدى |
| مُعَاوَدَةُ ذَلِكَ | ئاشۇنى ئادەت قىلىۋېلىش |
| نَفَّرَهُ مِنَ الشَّيْءِ / دَفَعَهُ عَنْهُ وجَعَلَهُ يَكْرَهُهُ | توستى، نەپرەتلەندۈردى |

## يَؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| اَلْمُشَارَكَةُ الْفِعْلِيَّةُ | ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتىكى ئورتاقلىق |
| مُسَاوَاةٌ / مُعَادَلَةٌ . تُسَاوٍ . تَسْوِيَةٌ | باراۋەرلىك |
| أَلْحَقَ فُلاَنًا بِهِ / أَتْبَعَهُ إِيَّاهُ | ...نى...گە تەۋە قىلدى |
| يُلْحَقُ بِهِمْ الْخَادِمُ وَالْأَجِيرُ وَالضَّعِيفُ | ئۇلارغا خىزمەتكار، ئىشلەمچى، ئاجىزلار تەۋە قىلىنىدۇ |
| رَفِقَ يَرْفَقُ رِفْقًا بِهِ أَوْ عَلَيْهِ أَوْلَهُ / عَامَلَهُ بِلُطْفٍ | ئىللىق مۇئامىلە قىلدى |
| تَرَفَّعَ عَنْهُمْ / تَكَبَّرَ | چوڭچىلىق قىلدى |
| عَدَمُ التَّرَفُّعِ | چوڭچىلىق قىلماسلىق |
| اَلنَّهْيُ / طَلَبُ تَرْكِ الْفِعْلِ | بىر ئىشنى قىلماسلىقنى تەلەپ قۇيۇش، قىلماسلىققا بۇيرۇش، توسۇق |
| أَطَاقَ الشَّيءَ أَوْ عَلَيْهِ أَوْلَهُ / طَاقَه . قَدِرَ عليه | ئىقتىدارى يەتتى، تاقىتى يەتتى، قىلالىدى |
| مَا لاَ يُطِيقُ أَصْلاً | ئەسلا تاقىتى يەتمەيدىغان ئىش |
| مَا لاَ يُطِيقُ الدَّوَامَ عَلَيْهِ | داۋاملاشتۇرۇشقا تاقىتى يەتمەيدىغان ئىش |
| كُلِّفَ بِمَا فِيهِ مَشَقَّةٌ | ئۇنىڭغا مۇشەققەتتى بار ئىش تاپشۇرۇلدى |

## اَلْأَسْئِلَةُ

مُصَوِّرًا وَقَائِعَهُ وأَسْبَابَ إِيرَادِهِ ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە ئۇنى كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان ھالدا، تەسۋىرلىگەن ھالدا

وَضِّحْ وَضَحَ الْخُلَّتَيْنِ ئىككى يەكتەكىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگىن

| | |
|---|---|
| جَرُؤَ يَجْرُؤُ جُرْأَةً عَلَيْهِ / شَجُعَ وَأَقْدَمَ عَلَيْهِ | جۈرئەت قىلدى، پېتىندى |
| مُحَرَّمٌ /مَمْنُوعٌ | چەكلىنىلگەن، چەكلىنىلگەن ئىش |
| اِرْتَكَبَ الذَّنْبَ / اِقْتَرَنَهُ | گۇناھ ئۆتكۈزدى، گۇناھ سادىر قىلدى |
| تَصَرُّفٌ / سُلُوكٌ | يۈرۈش ـ تۇرۇش، قىلمىش |

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى

| ئىيون(6 ـ ئاي) | | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | (يەكشەنبە) | 2:25 | 4:30 | 12:30 | 4:13 | 7:47 | 8:45 |
| 2 | (دۈشەنبە) | 2:24 | 4:30 | 12:30 | 4:13 | 7:48 | 8:46 |
| 3 | (سەيشەنبە) | 2:23 | 4:29 | 12:30 | 4:14 | 7:48 | 8:46 |
| 4 | (چارشەنبە) | 2:22 | 4:29 | 12:30 | 4:14 | 7:49 | 8:47 |
| 5 | (پەيشەنبە) | 2:21 | 4:29 | 12:30 | 4:14 | 7:50 | 8:48 |
| 6 | (جۈمە) | 2:20 | 4:28 | 12:30 | 4:15 | 7:51 | 8:49 |
| 7 | (شەنبە) | 2:20 | 4:28 | 12:30 | 4:15 | 7:51 | 8:49 |
| 8 | (يەكشەنبە) | 2:19 | 4:28 | 12:30 | 4:15 | 7:52 | 8:50 |
| 9 | (دۈشەنبە) | 2:18 | 4:27 | 12:30 | 4:16 | 7:53 | 8:51 |
| 10 | (سەيشەنبە) | 2:18 | 4:27 | 12:30 | 4:16 | 7:53 | 8:51 |
| 11 | (چارشەنبە) | 2:17 | 4:27 | 12:30 | 4:16 | 7:54 | 8:52 |
| 12 | (پەيشەنبە) | 2:17 | 4:27 | 12:30 | 4:16 | 7:54 | 8:52 |
| 13 | (جۈمە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:17 | 7:55 | 8:53 |
| 14 | (شەنبە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:17 | 7:55 | 8:53 |
| 15 | (يەكشەنبە) | 2:16 | 4:26 | 12:30 | 4:17 | 7:56 | 8:54 |
| 16 | (دۈشەنبە) | 2:16 | 4:26 | 12:30 | 4:17 | 7:56 | 8:54 |
| 17 | (سەيشەنبە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:18 | 7:57 | 8:55 |
| 18 | (چارشەنبە) | 2:15 | 4:27 | 12:30 | 4:18 | 7:57 | 8:55 |
| 19 | (پەيشەنبە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:18 | 7:57 | 8:55 |
| 20 | (جۈمە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:18 | 7:58 | 8:56 |
| 21 | (شەنبە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:19 | 7:58 | 8:56 |
| 22 | (يەكشەنبە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:19 | 7:58 | 8:56 |
| 23 | (دۈشەنبە) | 2:16 | 4:27 | 12:30 | 4:19 | 7:58 | 8:56 |
| 24 | (سەيشەنبە) | 2:17 | 4:28 | 12:30 | 4:19 | 7:58 | 8:56 |
| 25 | (چارشەنبە) | 2:17 | 4:28 | 12:30 | 4:19 | 7:58 | 8:56 |
| 26 | (پەيشەنبە) | 2:18 | 4:28 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 27 | (جۈمە) | 2:18 | 4:29 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 28 | (شەنبە) | 2:19 | 4:29 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 29 | (يەكشەنبە) | 2:20 | 4:30 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |
| 30 | (دۈشەنبە) | 2:21 | 4:30 | 12:30 | 4:20 | 7:58 | 8:56 |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلدىكى ۋاقىت نامازغا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2014 ـ يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| خۇپتەن | ئىپتار ۋە شام | ئەسر | پېشىن | كۈن چىقىش | بامدات | سۈھۈرلۇق توختاش ۋاقتى | 6 ـ ئاي | رامزان |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 宵礼 | 昏礼/开斋 | 晡礼 | 晌礼 | 日出 | 晨礼 | 封斋 | 月6 | 月9 |
| 8:56 | 7:58 | 4:20 | 12:30 | 4:30 | 2:20 | 2:10 | 29 | 1 |
| 8:56 | 7:58 | 4:20 | 12:30 | 4:30 | 2:21 | 2:11 | 30 | 2 |
| | | | | | | | 7 ـ ئاي | |
| 8:56 | 7:58 | 4:20 | 12:30 | 4:31 | 2:21 | 2:11 | 1 | 3 |
| 8:56 | 7:58 | 4:20 | 12:30 | 4:31 | 2:22 | 2:12 | 2 | 4 |
| 8:56 | 7:58 | 4:21 | 12:30 | 4:32 | 2:23 | 2:13 | 3 | 5 |
| 8:56 | 7:58 | 4:21 | 12:30 | 4:32 | 2:24 | 2:14 | 4 | 6 |
| 8:55 | 7:57 | 4:21 | 12:30 | 4:33 | 2:25 | 2:15 | 5 | 7 |
| 8:55 | 7:57 | 4:21 | 12:30 | 4:34 | 2:27 | 2:17 | 6 | 8 |
| 8:55 | 7:57 | 4:21 | 12:30 | 4:34 | 2:28 | 2:18 | 7 | 9 |
| 8:54 | 7:56 | 4:21 | 12:30 | 4:35 | 2:29 | 2:19 | 8 | 10 |
| 8:54 | 7:56 | 4:21 | 12:30 | 4:36 | 2:30 | 2:20 | 9 | 11 |
| 8:53 | 7:55 | 4:21 | 12:30 | 4:36 | 2:31 | 2:21 | 10 | 12 |
| 8:53 | 7:55 | 4:21 | 12:30 | 4:37 | 2:33 | 2:23 | 11 | 13 |
| 8:52 | 7:54 | 4:21 | 12:30 | 4:38 | 2:34 | 2:24 | 12 | 14 |
| 8:52 | 7:54 | 4:21 | 12:30 | 4:39 | 2:36 | 2:26 | 13 | 15 |
| 8:51 | 7:53 | 4:21 | 12:30 | 4:40 | 2:37 | 2:27 | 14 | 16 |
| 8:50 | 7:52 | 4:20 | 12:30 | 4:40 | 2:39 | 2:29 | 15 | 17 |
| 8:50 | 7:52 | 4:20 | 12:30 | 4:41 | 2:40 | 2:30 | 16 | 18 |
| 8:49 | 7:51 | 4:20 | 12:30 | 4:42 | 2:42 | 2:32 | 17 | 19 |
| 8:48 | 7:50 | 4:20 | 12:30 | 4:43 | 2:43 | 2:33 | 18 | 20 |
| 8:47 | 7:49 | 4:20 | 12:30 | 4:44 | 2:45 | 2:35 | 19 | 21 |
| 8:47 | 7:49 | 4:20 | 12:30 | 4:45 | 2:46 | 2:36 | 20 | 22 |
| 8:46 | 7:48 | 4:19 | 12:30 | 4:46 | 2:48 | 2:38 | 21 | 23 |
| 8:45 | 7:47 | 4:19 | 12:30 | 4:47 | 2:50 | 2:40 | 22 | 24 |
| 8:44 | 7:46 | 4:19 | 12:30 | 4:48 | 2:51 | 2:41 | 23 | 25 |
| 8:43 | 7:45 | 4:19 | 12:30 | 4:49 | 2:53 | 2:43 | 24 | 26 |
| 8:42 | 7:44 | 4:18 | 12:30 | 4:50 | 2:55 | 2:45 | 25 | 27 |
| 8:41 | 7:43 | 4:18 | 12:30 | 4:51 | 2:56 | 2:46 | 26 | 28 |
| 8:40 | 7:42 | 4:18 | 12:30 | 4:52 | 2:58 | 2:48 | 27 | 29 |
| 8:39 | 7:41 | 4:17 | 12:30 | 4:53 | 3:00 | 2:50 | 28 | 30 |

روزا ھېيت كۈنى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بولۇپ، ئەتىگەن سائەت 5:30 دا ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ.